= تۈركستان اويغور كامموۇنيستلرينىڭ مەركەز بيوراسى =

بۈتكۈل دونيا مەهنەتكەشلەرى، برلیشیڭلار

تۈركستان جۇمهورييەتيدىكى اويغور تەشكىلاتلريغا
١٩٢٤ نچى ژيل ٢ - پيورالدا بەش ژيل تولوشى موناسيبەتى بلەن
ياسالغان يوبيلەى شەرەپيگە بيغشلينب چقرلغان بر كۆنلۈك اويغورچە

”برنچى چامدام“

مەجموئەسى.

٢ - پيوزال ١٩٢٤ - ژيل.



باستوغوچيسى: تۈركستان اويغور كامموۇنيستلرينىڭ
مەركەز بيوراسى هەم اويغور بلىك هەيئەتى.



يەتتە سو ويلايەت باسماخانەسى.
Алма-Ата
Джетысуйская обл. типография. облит. № 1. тир. 750.
1924.

= تۈركستان اويغور كاممونيستلرينىڭ مەركەز بيوراسى =

بۈتكول دونيا مينەتكەشلرى، برليشڭلار!

تۈركستان جۇمهورييەتيديكى اويغور تەشكيلاتلريغا
١٩٢٤ نچى ژيل ٢ - پيورالدا بەش ژيل تولوشى موناسيبەتى بلەن
ياسالغان يوبيلەى شەرەپيگە بيغشلينب چقرلغان بر كۈنلۈك اويغورچە

“برنچى چامدام”

مەجموئەسى.

٢ - پيورال ١٩٢٤ - ژيل.



باستوغوچيسى: تۈركستان اويغور كاممونيستلرينىڭ
مەركەز بيوراسى هەم اويغور بلميك هەيئەتى.



يەتتە سو ويلايەت باسماخانەسى.

Алма-Ата
Джетысуйская обл. типография. облит. № 1. тир. 750.
1924.

مۇندەريجەسى

IV تاريخ بۇلۇمى

V ئستبداد خاتيرەلريدن

VI مەئاريپ وە مەدەنييەت بۇلۇمى

VII پەننييات

VIII بەش ژيللق هيساب

IX تۇرلۇك ماوزوعلادا

اوقوغوچيلرمزغا.

آلدڭلاغا قويۇلغان ،،برنچى چامدام،، مەجموئەسى توركستان جەمهوريي
ياشيغوچى اويغور خەلقلرينڭ تەشكيلاتيغا بەش ژل تولوش موناسيبەتى بلەن ۹۲٤
۲ نچى پيورالدا ياسيليديغان يوبيلەى (بەيراممز) غا بيغيشلاندى.

بز هەم باشقا ميللەت يوقسوللرى قاتاريدا بەش ژيلليق تەشكيلات دەو
كيچودوك. بزما ئجتمائى، مەدەنى كۇرەش مەيدانيدا بەش ژيلليق تەجريبەگە ايگە بول

بزما اوزگوروش نەتيجەسيدە اوزمزنڭ كەلگوسى كونليرمز، سەياسى، ايقتي
وا مەدەنى تەرەققياتيمز اوچون اشلەشكە، هەرەكەت قيلشقا يول وا اورون تاپدوق.

مانا، بۇگون بەش ژيللق هەرەكەت، مينەت بەيراممزنى ياساب اولتورومز.

بزنڭ بەيراميمز اوتكەن ۵ ژل اچيدە قلغان اشلرمزنى حساپلاش، كەلگوسى كونلر
يول بەلگيلەش، اوزمزنڭ كۇچ وا قووەتيمزنى سناش ئەساسيغا قۇرۇلوشى لازم.

بز بەش ژيللق حەرەكەتمزنى برنچى مەرتيبە حيساب قيليب كورمەكچى بول
بز بەش ژيللق خزمەتمزدە تاپقان تەجريبەمزنى جەملەب، اوتكەن كەمچيلكلر
برنچى مەرتيبە باقماق بولدوق. اوتكەن تەجريبە وا كامچيلقلرمزغا تاينيب مون
كيينكى خزمەت وا حەرەكەتمزگە ييڭى سزيق بەلگيليمەكچى.

زامانيدا پۇتكول تورك خەلقلرينڭ مەدەنييەتيدە موئەلليملك اورنينى تۇ
ئويغور ئەدەبيياتى، كوب ئەسرلەدن بيرى قاتتيق اويقوغا پاتقان ايدى.

روسييە اوكتابر اوزگوروشىنڭ تەسيرى بلەن بزدە هەم مەدەنى حالەتمزگە
بر قەدەر ياش قەلەملەر، يازغوچى وا شائيرلا ييتشب اويقوغا پاتقان ئەدەبيياتمز
ايسيگە كەلتومەكدە. بز بو مەجموئزدە ياش قەلەملرمزنڭ بەش ژيللق حەركەت
برنچى مەرتيبە مەيدانغا قويماقچى بولدوق.

شوڭلوك اوچون مەجموئەمزگە ،،برنچى چامدام،، نامينى بەدوك.

بو ــ بزنڭ اوتكەن تەريخمزغا كوز سيليب ئيبرەت ايليش، پتورگەن وا
قالغان اشلرمزنى حيسابلاش، اوتكەن تەجريبە وا حازرقى كوچيمزنى سناش،
ئەدەبيياتمزنى ترگزوش يوليدا ،،برنچى چامدام،، مز. بو ــ ئويغور كەمبەغەل ـ يوقسوللرين
مەدەنييەت مەيدانيدا برنچى چامديمى. پوتكول مەزلوم ـ مەحكوم خەلقلەغە آزادلق ئيل
كەلگەن كامموونيست (بالشيوەك) پارتياسى، يوقسول وا كەمبەغەل ديهقانلانڭ شور
حوكوميتينڭ يولباشچيليغى ئاستيدا ئويغور يوقسوللرى ،،برنچى چامدام،، بلەن حەقيقى ئج
تورموش، حەقيقى يوقسوللا مەدەنييەتينڭ كەڭ وا يوروق يوليغا كريشى چوقوم.

ياشيسون كامموونيست پارتياسى! ياشيسون شورالار هوكوميتى!
ياشيسون ئويغور يوقسول وا كەمبەغەل ديهقانلرينڭ مەدەنيەتكە اومتولوشى!
ياشيسون ئويغور ياش ئەدەبياتىنڭ ،،برنچى چامديمى،،!

ئويغور كامموونيستلرينڭ تۇركستان مەركەز بيوراسى هەم ئويغور ،،بلك هەيئەتى،،

توغولدى

1870 ژيل

23 ئەپريل

وابات بولدى

1924 ژيل

21 غينوار



بورادەر ويلاديمير ئيليا اوغلى اوليانوف (لينين)

لينين ئولدى ـ ئينك يولى مەڭگو ياشايدو.

«لينين ئولدى!...» بو آچچق خەبەر ئەدەمگە ژورەكنى يارغيدەك بر كوُچ بلەن تەسير بيريدو.

پوُتكول دونيا يوقسوللرينى. مەزلوم ـ مەحكوملرينى آزاد يوليدا ٣٥ ژيل اشليگەن. كورەشكەن ئولوُق دامى يولباشچى كوُرەش دەورى پتمەى تورروب بزدن آرلدى.



بورادەر لینین نڭ
ئاغرق واقتیدیکی رەسمینڭ
ئەڭ کیینکیسی.

«شەرق مەحکوملرینی آزاد» شیئارینی ئەڭ ئاوال قوزغیغان، هەممیدن آرتوق شو یولدا کورەشکەن لینین واقتسز کورمش مەیدانیدن کەتدی...

«لینین» دیگەن نامنی کم ئیشتمیگەن؟ کم بلمیگەن؟

«لینین» دیگەن بر ئیغز سوز قایسی یوقسولغا، مەحکوم خەلقغە قاراڭغولق دونیا بلەن یورۇق تورمشنی ایچیب بەمیگەن؟ قای-سی آچلیق یوقسولنی، مەحکوم خەلقنی کەلە-گوسی کەڭلیك، تەڭلیك تورموشقا اومید ـ ئشەش بلەن قاراتمیغان؟ «لینین» ــ دیگەن بر چراق قایسی یوقسولنڭ ئنسانییەت آزادلیغی ئۈچۈن کورەشدە یولینی یورۇتوب بەمیگەن؟

بورادەر لینین پوتـکول دونیا یوقسول وا مەینەتکەشلرینڭ میسلسز یولباشچیسی ئیدی.

شونوڭ ئوچون «لینین ئولدی...» خەبەری بوگون پوتـکول یەر یۈزیگە تارالدی.

بو خەبەر بوگون هەر بر مەینەت جاییغا، زاوود-پابریکلاغا مەینەتـکەش دیهقانلانڭ گەمە اویلریگە یەتدی. اونار میلییون ئشچی‌لانڭ، یوزەر میلییون دیهقانلانڭ، کەمبەغەللەنڭ، باترافلانڭ قولاقلاریغا کردی...

بوگون بو خەبەر ئشچی‌لانڭ قوللریدن بولقالرینی، پالتالرینی ئختیارسز یەرگە چۈشۈدی... دیهقانلانڭ قوللریدن کەتمەن، جابدوقلرینی تاشلیغوزدی...

یوقسوللانڭ، دیهقانلانڭ، مەحکوملانڭ گەمیلرینی تتریتب یەر یوزی‌نڭ بر چیتیدن ئیکنچی چیتیگە ئرتدی..

بوگون هەر بر ئینقیلاب اوغلی، هەر بر ئەرکنلـکنی تلیگەن مەخلوق زور ماتەمدە...

بوگون مەینەت ماتەمدە...

یەر یۈزینی، ئنسانییەت حەیاتینی بساقلاب کەگەن مەینەت، اوزینڭ تەبیئی ئۈستۈنلیگی ئوچون، ئنسانییەت ئەرکنلیگی، بەختی ئۈچۈن قانلیق سوقوش مەیدانیغا قەدەم باسقان مەینەت... ماتەمدە...

لەیکین... بورادەرلە! قیرینداشلا!...

بزگە بورادەر لینین قایغو، ماتەم دیگەن نەرسیلەنی ئوگەتمیگەن. او


بورادەر لينين‌نڭ جان تەسلىم ئلغان واقتيدىكى رەسمى.

بزگە ئەركنلك ئوچون كورەشمەك وا بو كورەشنڭ يوللرينى ئوگەتكەن. زاليم وا قانخورلانى يكشنى ئوگەتكەن.

تيخى كورەش دەورى پتميدى. تيخى يوزەر ميليون يوقسوللا، مەحكوملا، مەينەتكەشلە استبداد - جەبر زەنجيرلريدن بوشانميدى. اولا ئەركنلك ئستەيدو... اولا ئيغير زەنجيرلەنى چيقب تاشلاب بوشانماق ئستەيدو...

بورادەر لينين‌نڭ شيئارلرى، خيتابلرى اولانڭ قولاقلريدا چاڭلداب تۇرۇدۇ...

اوكتابر اوزگۇرۇشى كۇنى بورادەر لينين:

،،روسييە يوقسوللرينڭ آزادليغى پوتكول دونيا يوقسول هەم مەينەتكەشلرى آزادليغى‌نڭ باشلانغوچى“ ديگەن.

بورادەر لينين مانا موشو پوتكول دۇنيا آزادليغى‌غا چاقرغان، شو آزادلقنڭ يولينى كورسەتكەن...

بز شو يول بلەن ماڭيمز. كوريشيمز هەم مەقسەتكە يتيمز.

چونكى بورادەر لينين ئولسيما، بزنى مەقسەتكە - ماكانغا ايليب باريديغان - اونوڭ كورسيتب كەتكەن يولى با

،،لينينيزم“ (لينين‌نڭ ئورگەتكەن ئيلمى) - بزگە شو يولنى يوروتوب بيريدو...

ئويغور يوقسوللرى، مەينەتكشلرى!

ختاى تيجيمەللرى وەحشەتيدن، بەگلە زولميدن قوتولوش ئوچون بورادەر لينين سيلەگە كەڭ وا يورۇق يول سيليب كەتدى.

پوتكول دونيا يوقسول وا مەحكوملرى هازر موشو يولغا آياق باسدى.



کالینین، تومسکی هەم کامینف بورادەرلە،
بورادەر لینین‌نی تاووتدا ایلىب بیرشلری.

بو یول ــ کورەش وا غالبییەت یولی.

یوقسوللا، مەینەتکەشلە، مەحکوم میللەتلە بو یولغا قانچە بوروﻥ آیاق باسسا، قانچە شو یولدن چقمیسا، قانچەلك سیبات کوسەتسە ئەرکن ـ بەختلك زامان شونچەلك ییقنلیشیدو...

لینین ئولدی.. لەیکین ئینك یولی مەنگو یاشایدو. ئینك یولی ــ کورەش وا غالبییەت یولی.

لینین‌نك یولباشچی‌لیغی کەینیدە ئیلنغان روسییە ئەرکنلیگی، هازرقی واقدا پوتکول دۇنیاغا تارالغان اوزگوروش هەریکیتی بونوڭغا اوچوق دیلیل.

ایاققا بیسكڭلا!

بورادەر لینین‌نك کۇرەش یولیغا کرەیلی...

ئینك بزنك اوزمزگە ئەمانەت قویغان ــ پۇتکۇل دۇنیادا ئۇستۇنلۇك وا غالبییەتیگە ئیگە بولایلی!...

یاشیسون لینینیزم!.

ابدوللا روزیباقی.
الموتا ۲۳ غینوار ۱۹۲٤ ژیل.

ئەدەبىيات بولۇمى

ياش ژوروگم.

ژوروگم ئەركن ایاب تیپەلمەیدو،
كلیدیكی خەزینیسین سیپەلمەیدو،
غورستان ایلم!،، دەیدو تیپرلایدو،
قاپەزدن چقیب اوچوب كیتەلمەیدو.

* *
*

اویلاب، كونك ژیغلاب، كونك كوینوب،
سیغنب، آرمان قیلب تورالمایدو،
وش اوچی قاتتق قوروب توتوب آلغان،
زەلگە آجراب بوشنوب قاچالمایدو.

* *
*

غورستان ایلم!،، سینك آلدكدامەن،
نەی، سەجدە قلای، باش قویای هەم،
گونایم كوب، ئەیبم چوك، خاتام نورغون،
كوچوگن سەن بو كرمدەن پاكلنای مەن.

* *
*

خزمەتگنی شو چاقیچە قلالمیدم،
اوسسولوقتا بر ژوتوم سو بیرەلمیدم،
قانات قویوب اوچوب یەتسەم قیشكغا،، آە.
بوینومدیكی بو قەرزمنی اوزەرمیدم؟،،

* *
*

دەیدو ایچینب غەم اچیدە چدالمایدو،
آە اوروب، قایغو ژوتوب تورالمایدو،
تاك واقتیدا یەلپوب اوتكەن شامال بلەن،
،،اویغورستان ایلم! ساڭا سالام!،، دەیدو.

آبدولحەی موحەممەدی.

☆❁☆

ئویغور قزى.

(پائەما)

«ئیلی» ئەگیب، ئەگیب آققان سولا،
غاندك ئیگز-ئیگز یا بویلیری،
ورودو، خیال قیلب «ئویغور قزی»
ی ساقلار، كمدر اینك خیالیدا؟
آرلاپ-آرلاپ مارایقنا قاراب قویا،
یا بویدیكی آپتابدەك اوماق قزغا.

* *
*

-تیشلق... جم-جتلق... بولبوللاما سایراشمایدو،
لدیشب قونار جاینی سایلاشمایدو،
پ-چوردە هیچ هەركەت یوق، یاش ژیگیتلە
خشا ایتشب، نەغمە-ناوا قلشمایدو.
سلكنمەیدو یاغاشلارنك یوپراقلیری،
سلكنمەیدو چەچەك آتقان بەرگیلری،
اویغا چومغان-تولقونلانماس «ئیلی» سۇیى
اویناشمایدو سۇدن چقیب بیلیقلری.

* *
*

گون كوكدە یوروق كۆزن هەم خجالەت بوب،
كیمەن دەب بر بر ایسیلار بولوتلاغا،
كمنی ساقلار؟ زیبا بویلوق او اوماق قز.
یالغوز بیشی بونك یانك گرویكیدە،
نەگە باقار؟ نمە كوزلەر بو خوما كوز؟
یالورامدو كوككە بیقیب بر تەڭریگە؟

بیچارە قز شۇملۇ نامدو بیغی با، دەب
شەکلیندمدو اوپ-چورەمدە دوشمەنبا، دەب
یاکی موکوب، قاچماق یەنی ئزدینەمدو؟
اویلینامدو ماڭا ندە نەجات با، دەب.

* *
*

کەگەنمویە؟ بو مۇڭلۇق قز، ئۇقۇملوق قز،
سەبر قلیب یوقسول ئەلنڭ توپراغینی...
ساقلامدویە «ئیلی» سوڭ اوقیتیدن،
مەزلوم ئەلنی قوتقارغوچی قەھریمانی؟

* *
*

ئەل دوشمینی تەحقیر قلیب، بەختن ایلیب،
«قارام تەقدیر» وەحشەتیدن قوغلانغانمو؟
تویغانمویە تار تورمشدن ژۇمشاق کوڭول،
کەڭ دەریاغا تاشلینشقا اویلانغانمو؟

* *
*

«توختا!... توختا!... ئەنە... ئەنە... باق!... چاڭ-توپا...
ئویغور اوغلی منگەن ئیگز آرغیماققا...
آتقان اوقدەك ئشتیك چیپب آت قامچیلاب،
قوللریدا قلچ-نەیزە اویناتماقدا...»

* *
*

«ئەنە... قارا!... سودا ئۇزگەن اوددك اوخشاش،
ئیگز یادن، ئۇلۇق سۇغا ئرغیب چۇشدی،
ئۇلۇق سونی تولقونلوتوب کیچیب اوتدی»
—«آه... کەلدڭمو؟...» دەب باقدی کوز، یاش آرلاش.

* *
*

—«آه!... بوسەنمو؟... ئیزیز سگلم؟» دیدی ژیگیت،
«ماڭا ساقلاب اولتادڭمو شو کەمگیچە؟
سینڭ بەختڭ، مەزلوم ئەلنڭ دوشمەنلیری،
تۇگمیدیمو؟... ژوتمیدیمو؟... مەن کەلگیچە؟»

«کوپ چاپدم مەن، تاغلا اوتدم، سۇلا کەچدم،
چوللە کەزدم، آچ-توق ژوروب جاپا تاتدم،
آر مینم یوق... سینڭ اوچون، جاپا چەکسەم
آرمینمنی-یالغوزومنی-سینی تاپدم».

* *
*

«توقتا سگلیم... سەبر... توقتا!... کوز-یاشنی قوی
ئەل زولماتدا... ژیغلایدیغان زامان ئەمەس،
بیشگنی ایت! غەیرەتنی ژیق!... آیاقغا باس!
کۇرەش واخدا، ژیغلایدیغان-«ئویغور» ئەمەس

* *
*

«ئویغور قزی» هوشقا کیلیب کوزنی آچدی
—«آه!... کەلدڭمو؟...» دیدی اویان-بویان قار
«جورا!...» دیدی قز-ئویغور قزی غەیرەت ژیغ
«جورا!... ماڭایلی موشو یولدا یوغان چامدا

* *
*

«آیریلمایلی موشو یولدن تا ئەزەلگە،
ایلیب بارار اوچوق یول بو، مەزلوم ئەلگە.
چول-بەیابان، تاغ وا تیگزلادان اوتوب،
ایلیپب بارار آزادلقنی یوقسول ئەلگە»

* *
*

«جورا!... ئیکیلەن منگیشەیلی آرغیماققا،
ئویغورستان کون چیقشدا، تاغ کەینیدە،
دوشمەنلەدن یوقسول ئەلنی قوتقازماسدن،
جان بەرمەیلی، تەن کرمیسون قارا یەرگە».

* *
*

سەپەر قلدی ئویغور قزی بلەن اوغلی،
شەرقغە قاراب، آتنی قویوب، چاڭ توزاندی،
«ئویغورستان ئیلم!...» دیدی اوقدەك کەتد
دەریا بویلاب، چاپقان ئاتنڭ ئزی قالدی.

حەبیب زاکیر اوغلی



ئەدەبی تەنقید.

یاش شائیرلریمز.

بزنڭ خەلق ئەدەبیياتمز ــ خوسوسیلە ناخشی ـ وە شیئرلیریمزدیکی آستن شیئرییەت،
اوماق، اورنلق موبالیغە، بونڭ اوستیگە نەپاسەت ـ چیرایلق تزیلیش، واقتیدا بزنڭ
غ شائر وە ئەدیبلیریمز بولوب اۆزغانلیغینی کوسیتەتدی. چونکی: خەلق ئەدەبییاتینی
کیل قیغوچی ئەدەبی نەرسەلەنڭ هەممەسی قانداق بوسا هەم بورونغی چاغدا خەلق
سیدین ئیلغینیب چیققان ئستعدادلق شائر وە ئەدیبلانڭ ئەسەرلیری ایکەنلیگیدە
د یوقدور. براق زامان‌نڭ اۆزوشی بیلە او، میللی ئەدیبلیریمزنڭ آتلری اۆنتۇلغان.
ەوی: باشدا مونداق ئەدەبی نەرسەلە کیتاپقا پۈتۈلمەسدن ایغزدن ایغزگە یوتکیلیب
یدیغان بوغان. شۇنۇڭچۈن مۇنداق ئەدەبی نەرسەلەدن پەوقەلعادە ژۇقۇملق هەم
ملق یوغینی خەلق‌نڭ کۈڭۈللریگە کریب اورنیشیب قیلیشی بەلگیلك. تەبیئی
قوچی‌نڭ ایتی اۆنتۇلغوسی. مانا شونداق کونیدن قاغان ئەدەبییات پارچەلیری‌نڭ
یسی‌نڭ خەلق ئەدەبییاتی آتـالمیغی‌نڭ سەوەویدە شو. ئەمسە، خەلق ئەدەبییاتی
ڭ، کونکو خەلق تەرەپیدن ئەیتلغان دیگەن سوز دوگول. پەرز ئەتدۈك شونداق
ون، خەلق ئەدەبییاتی‌نڭ هەر بر پاچیسی یالغز، یالغز کیشیلە تەرەپیدن چیقیریلغان
بوسون؛ آنداق بوغاندا اویغورلا کونکو (عومومییەتلە) ناخشی چیقریشقا موستەئید
ی بوب چیقیدو. بز ئەمدی آنداقلا کورەڭلەب ژۇقالاب کەتمەسدن بالدورقی
زمزنی قەبول قیلیب تۈریلی. بونی ئسبات قیلیشیمز هەم اوڭای. نیمیشکە دیسیگز،
ا میسال کوسەتکیدەك کیشیلیریمز با. کۈنیدن باشلیساق: ،،قۇداتقۇ بیلك،، بونۇڭ
یسی یوسوپ خاسی هاجیب، ،،چیستانی ایلی بەگ وە ئینڭ حیکایەسی،، ئوخشاش
ندن مڭ ژیل بالدو اوتکەن ئەدیب وە ئەسەرلیریمز با. تەبیئی بو چاغلا اۆیغۇر
ەبییاتی‌نڭ یالقنجاب تۈرغان گزی... اوتریدا یەعنی سوسلاب قاغان چاغلادا قاشقار
ەشەدن سولتان سەئید اوخشیغان شائرلاما چیققان، کینکی زامانلاغاکەسەك، اوزیمزنڭ
للی ئەدیبمز نازیم موللا بیلالنی کوریمز. دیمەك بۇرونغی چاغدا کونا زامانلادا
کما ئیچمزدن هەم ئەدیب وە شائرلا چیقیب تۇغان ایکەن. خوسوسەن بو کینکی
دا اوز آریمزدا شونداق میللی شائر وە ئەدیبلانی کوروشکە تاڭسیق بوغان ایدوك.
کی: ییرم ئەسردن بۇنی بزدن قەلەم تۇتۇب بر ئەدەبی نەرسە یازغان ئەدیب
کە ژۇقۇملق ناخشی چیقاغان بر شائر بومیدی...

ماشداق بزنڭ ئەدەبی ئستعدادیمز ییرم ئەسر چاغلق ،،دم،، آغاندن کیین یەنە
زینیڭ یوروق یۈزینی کوسیتیشکە باشلیدی، یەعنی: ،،یاش ژۇرۇگم،، وە ،،ئچلماس
کوڭلم،، شیئرلیرینی چیقاغان یاش شائرمز ئەبدولحەی موهەممەدی جیلك بو ژۇقۇملق

شیئرلیری بیله اوزینك شیئر چیقرشیدا سیلیقی بالیغینی کوسه‌تدی. بو یاش قه‌له‌م
ئه‌ده‌بی ئستعدادیغا قاریغاندا ایلغاندی شائرلادن بولیدیغینی کورنب تۇریدو. موگا

,,چاپ که‌تمینگنی تینمای چاپ، با کوچکنی آییمای چاپ،
قه‌ره‌ل واختیڭ یتیب قالدی، ئوڭغا سولغا قاریمای چاپ!'' دیمز...

ایکنچی ئۇمۇتلك یاش قه‌له‌مله‌دن بیری ,,اۇیغورستان اولکیسی'' شیئرینی یازغ
ئه‌بدوغوپور جیلك. بو یاش پۇتۇکچی‌نڭ ده‌سله‌بکی پۇتمه‌لیریغا قاراب، ئادی پۇتۇك
هه‌م قوشاقچی بولیدیکه دیگه‌ن ایدوك. چونکی ئابدوغوپور جیلك‌نڭ شیئرلیری‌ن
شیئرییه‌ت ییقی ناقیس، تزلیش ره‌ویشی هه‌م آنچه چیرایلق ئه‌مه‌س، تولاراق اسلوب
ته‌سویری بوسیما کشی‌نڭ کوز آلدیغا جانلق سوره‌تله‌نی که‌لتۇروشدن ئاجزایدی
شۇنۇڭچۇن، بز ژوقاغی قه‌ره‌ل گه که گه‌ن ایدوك. له‌یکن کینکی شیئرلیری بزنی بالدورق
پیکریمزدن یاندودی. دیمه‌ك بونگدیما، ئه‌ده‌بی ئستعداد با، قابیلیه‌ت کۇچلوك. شوند
بوسا هه‌م، بو یاش شائرنڭ ,,اۇیغۇرستان اولکیسی'' دیگه‌ن شیئریده بر آز توختال
اوتوشکه توغری کیلیدو. بو شیئرنی اۇمومیه‌ت بیله آغاندا توغریلقدن بوشدو
له‌یکن آیرم آیرم میسرالرن آساق آنداق ئه‌مه‌س؛ هه‌مده پیکر وه حسیاتلانی قوزغوتۇرل
ره‌وشیده قالتس-شیئرییه‌تگه مالیك‌دور. ,,اویغۇرستان اولکیسی'' شیئرینڭ توغریلقد
خالی بولیشی، یاش قه‌له‌منڭ اۇیغورستان اولکیسینی حه‌قیله تونیمیغانلقیدن کیلید
حه‌قیله تۇنیغاندا خیلی ئیقتدارلق بو شائر قه‌له‌مینی شانلق اولکه‌مزنڭ کوکسیگ
قادیماسدی. درست، بزده یاخشینی یامانلاب ماختاش با، براق بو شیئر آنداق یزیلغا
ئه‌مه‌س، موتله‌ق سه‌ت کوستیلیدو. شۇنۇڭچۇن بو شیئر اوقوغوچیلادا اۇیغۇرستان اولکیسی
آمراقلق توغدرش اورنیغا نه‌پره‌ت توغدورغوسی چوقوم. شۇنۇڭ بیله به‌رابه‌ر میسرا
آریسیدا بر برسیگه باغلینش یوق.

ته‌کشیره‌ش:

بو شیعرماشو میسراعلا بیله باشلینیدو: نیمه بو باغو بوستانمو، وه یا قر چول به‌یاوانمو؟
جینی با آدامیزاتمۇ وه یا جانسز یاغاش تاشمو؟
بله‌لمه‌ی باش تامام قاتدی نه یه‌گیلغ اۇلکیدو آه...
نه مولکی، نه میراسی یوق نیمه مونچه قاقاسد...

بزچه: ,,نیمه بو...'' دیگه‌ن میسراعدن کیین ,,جینی با...'' میسراعی زادی کیر
ئه‌مه‌س ایدی. چونکی سوز حایوانات توغریسیدا ئه‌مه‌س، به‌لکی بر اولکه توغری
باریدو. شۇنۇڭچۇن برنچی میسراعدن کیین ۳نچی میسراع یزیلسا، مه‌عنا
میسراعلانڭ بر-برسیگه باغلینیشی جه‌هه‌تیدن راسا کیلیشه‌تدی. هیلی ٤نچی میس
زادی کیره‌گی یوق. اۇندا توغریلق یوق، مه‌عنا جه‌هه‌تیدن هه‌م دوروس ئه‌مه‌س

ده‌وامی:

نه بولسون كوكلى مەيدان، پوراق سەپگوچ گولستانى،
نه آسمان بويليغان تاغلا، نه روحلق باغو بوستانى،
نه جانلق ساف هاوا بواسون، نه كون بر نورلرن سەپسون،
نه ناز و خوش شامال چقسون، نه هەر خيل قوشلرى بولسون.
نه ئچكيلى سويى بولسون، نه تريلغوغا لايق جاى.
نه اوسسون دەل-دەرخلرى، نه جان جانواغا بولسون باى.

شائر بو تەسيرلك شيعرلرى بيله آستن مەيوسييەت ئچيده اوزينك شيعريگه
ان ئستعداد وه ئيقتدارينى اوچوق كوستيدو. براق چكلداب توغان بو شيعر يەنه
ريلقدن خاليدور. نيميشكه ديسيگز، اويغورستان اولكيسى شائر تەسوير قيغاندەك
قاس" بر اولكه ئەمەس، بيلعەكسى: كوك دەپسەك، پوراق سەپگوچ گولستان، آسمان
ليغان ئيگز تاغلا، ساف هاوالق-خوش شامالق باغ بوستانلا، هەر خيل قوش-
جانوالا، اونوملك تريلغو، ئيقن سولا وەهەر تورلك يەل-يمش-دەل-دەرخله بيله تولغان
بر اولكەدور. اويغور باللرين ئەشتاتيب توغان قووەتما شو. شونوكچون:
يغورستان اولكيسى" بو تەريقه يزيلش كيرەك ايدى:

نمه بو باغى بوستانمو، وه يا لاله گولستانمو؟
تونالماى كوزلرم تالدى وەيا فردوسى-ئەدنانمو؟
چورەم ئەتراف: كوكلى مەيدان پوراق سەپگوچ گولستانلا،
هەم آسمان بويليغان تاغلا، ياشارمش روحلى بوستانلا،
ئونوم بەگوچ تريلغولا، ئيقيب توغان ايقين سولا،
ئيسەر ئەتراف جەوانبدن ئيلق يەل-خوش شامال حالا

. . . . . . كونا، ناخشيلريەزدا هەم: «تاغمو تاغلادن ئيگز، آخر بولاقنك تاغلرى،
ەسيگه قاييغبدو آسنيدا باغلرى» دەيدو. ديمەك ناخشلريمزدا هەم ئەپدوغوپورجيلكنك
اقاس" ديگەن پيكريگه قوشولمايدو، بيلعەكس تەبيئەتنك ئەك كوروملك جايى قيليب
وستيدو. هەمدە تيانشان ،،سوزوتمە" سينك خان تەڭريدن كيين ئەك ئيگز نوقتەسى
غان ،،آخر بولاق" وه ئينك آسنيديكى باغلرينى شونداق چيرايلق تەبيئى رەوشيده
سوير قيليدو.

يەنه شيعرنك دەوامى:

نه اينسانيدا بولسون جان، نه حسيات، غوم جيگەريدە،
نه اوملك دائيما بولسون، نه اولكه آهى ژور•گيدە.
خەلايق ژوتلرى دايم تەرەپپارلقلەمه شغولدور،
غولى اولگه ئيلش يوقدور، زالم بايلاغا آه... قولدور. — آخرغيچه.

ما شو میسراعلادن کیین شائرنڭ قەلەمی بر آز توغری یول بیله ماٸیبد
بزنڭ دیققەتیمزنی جەلب ئەتکەن ،، کەمبەغەللەر آوازی،، نڭ ١١ ساندیکی آبدوغو
جیلکنڭ ،،سولون،، ایمزالق ،،چال،، شعریدور. بو شیعر آبدو غوپورجیلککه بو
ئومیدمزنی قووەتلەب، اینك قەلەمیگه بوغان ئشەنچمزنی آرتدودی.

چال، شیعریدن:

چال، بو موڤسنغان، غیریبسنغا کۆڭل کۆلگۆنچه چال،
هەم بو نەملەشکەن ژورەکدە لاولاب اوت یانغونچه چال.
چال، پۈتۈن قایغو وە دردـغەمله یوقاب کەتکونچه چال.
روحلینب هەم جانلینب هیجیب خۆش تاڭ... ئاتقونچه چال.

* *
*


چال جیگەر، چال! قولڭ اویناخلیتب هامایلا چال.
چال! پۈتۈن قوشلا کیلیب بر-بر سەلام بەگونچه چال.

،،مانا بو ناخشیلا تاران کوڭلی‌نڭ نە چاغلق شاعیرانه بر کوڭل ایکەنلیگی
کورسەتسه، اۈنۈڭ بو ناخشیلیرینی بۈلبۈلدەك سایراب بەگەن خوش اۈنی تاران تەبیع
دیکی نەغمه سازلق-قۈوەتی‌نڭ نه چاغلق توبلیگی، تۆزلیکی، موڭلیغی، خوشلیغی
تەسیرلکینی کوستیدو.

ما شو موناسیبەت بیله ،،تاران،، دوستومنڭ ناخشاریمز توغریسیدیکی یەنه
پیکرینی یزیب اوتەی: «ناخشی باشقا، ماقام باشقا نەرسەدور. نـاخشی-بیله ماقا
آیریش لازمدر. ناخشی-تاران روحینڭ شاعیرانه بر جامالی بوسا، ماقام-بو شاعیرانەجامالنڭ
ئونی-تەبیعی نەیی وە موڭلوق نەغمەسیدور» دەیدو.

سولون جیلکنڭ شونداق سولون-سولون ناخشیلانی یزیب تۆرۆشی لازم.
،،کەمبەغەللەر آوازی،، نڭ ١٢ سانیدیکی ،،قزل دوڭ،، شیعرینڭ تەسوی
چیرایلق، اوماغی آبدان هەم تەبیئی بۈنۈڭ ایگەسی آبدولهیمتجیلك ئوموتلك قەلە
کورونیدو.

اۈیغور بالیسی.



بر قارغو بالینڭ سوزی.
(قازاقچه ،،قر بالاسی،، دن)

آڭلایمەن:

,,آجوننی تویغوزوب، غەرق قیلب گۈللەتکه ن،جان-جانواغا اویون کۈلکه بیریب
رینی توککەن کۈن-چرایلیق...،، دەیدو.

,,بیشیدا قار بلەن مۈزدن تامی، یاپنچی‌سی قالق-یامغولق بۇلۇت، سایدن شاقراب
ئغان بۇلاق، یوتاسینی یایلیغان مارال-بۇغا-تاغ چرایلیق...،، دەیدو.

,,اورمان یاغاچلقدن کوله‌گیسی، تاشدن سیلنچی‌سی، بۇلبۇلدن شائیری،
ییقینلق،، نی ئیچیب دەورب شاقرغان—سۇدال*) چرایلیق...،، دەیدو.

,,کۈن کەتکەندە، تۈن یەتکەندە: آسماندا ئەلەڭ-سەلەڭ، وال-وول قیلب یانغان
ورغۈن چراقلا با...

موشو خییالی چراق-اوتلا، کەشته باسقان—آسمان چرایلیق...،، دەیدو.

,,چیتی، چیکی یوق... تیچ یاتسا ئەینەك، دولقون سوقسا: اویان-بویان آغناب
وغان، دولقونی کیمیلەنی تەورەتکەن-تیڭز چرایلیق...،، دەیدو.

,,تیڭزدە آق داکا یاغلغینی یاپینب، بر برسیگه قارشی ژۆگرۈشۈب سزیق سزیب
ۈگەن-کیمیلەنی چرایلیق...،، دەیدو.

,,کوندوز سوققان شامال بیسیلب کەچ کرگەندە، کولەنگیسی قیچب، تاغ ئیشب
یوق بوغاندا، کون چقیشدن سۈزۈلۈب یوروقنی قوغلاب تۈن باسقاندا، کۈن پیتشدا
بۇلۇتنی کویدوروب، اوپکیدەك قزاتیب، بۇلت آریسیدن ماراب قاراب، بۇلۇتلادن
ایسیلیب اولتوروب باغان-کۈننڭ پیتیشی چرایلیق...،، دەیدو.

,,تاڭ یوروغاندا تال چیویقدەك تولغونوب اویدن چققان، یوتیدن قاچقان تۈلکیدەك
یینب، ژورەکنی دۈپۈلدیتب کوزلیرینی اویناتقان—قز چرایلیق...،، دەیدو.

,,بوشوکدیکی تەلپنگەن بالیسینی سویگەندە—جۇگان چرایلیق...،، دەیدو.

مەن: چرایلیق کوننی، تاغنی، سۇدالنی، تیڭزنی، تۈننی، کوننڭ پاتیشینی، قزنی،
جۇگاننی-کورەلمیگەنمگه آرمان قمایه، کویونمەیمە!...

یاق!... تەڭرم یاق!...

بۇلاناڭ برینیما تلیمەیمە!...

آنامنی برکورسەمیدم!...

آه!... دەریغ!...

,,تەڭری قولی،،

*) —سۇدال—قازاقچه اوزەن.

وەسال...

(ئوتكەن ئشلادن).

آيدين بر آخشام ايدى. آچوننى ايلاهى بر سكونت قاپليغان، جم جـ
پۈتۈن حەيات تنغان... جەبر شپر، جەبر تيويش يوق... ايلاهى بوغان، بو تنل
بۈزماس ئۈچۈن شامالما توختيغان ايدى... يـالغز كوك يۈزينى بيزيگەن
وە يۇلدوزلا، موڭسز كورنگەن يەر يۈزيـگە اوماقلق بيلە نۇرن سيپيب تۇراند
گويا، يەر شاريدە يالغز مەنگينە موڭلق ايدم... كوكدن اينگەن سيرلق نۇر،
گوداكيدا قاغان، ماڭا يتشميگەندەك كورنەتدى... مەن تۈتقۈن كييكدەك آينڭ نۇر
يۈزيگە بيقيب، اوزمنڭ موڭمنى آڭـا، كوستيشگە تريشب موڭيب تۇراتدم...
نەهايەت بو نۇردن ئلهام آغاندەك بولدم... موقاتليشب كەتكەن فيكر، تيليب تا
قۇوەئى خييالم، بر نەرسىدن تۈيۈق آغان ئوخشاش. ئومونب چەكسز بوغان بو بوشلق
سەيران قيليب، «بەخ» يۇلدوزم ئومونچق كوزگە غلپال چيلينش ايلە يەنە دەستە
موڭنڭ دەورەب باسقان چيغيدا، جنمنڭ جانانيسى بوغان، او...، حەياتم-سيرداش جانا

كيچيلەب يۇلدوز ساناب، بامو، ئاشيقنڭ پايديسى؟
كيچى بوسا اۈيقو يوق، كوندزى، يانڭ قايغيسى.

سويومليگم، آمريغم! سەن، بو موڭلق كوزليرڭ بيلە بو، موڭسز آسماندن ئـ
ئستەيسە؟... سەن، مونچە زاتەلمۈريشيڭ بيلە كملەگە ياقيريب، كملەدە يقنلاشماق بوليس
سينى، بو پانيلقنڭ آينەسى بوغان آى، يۇلدوزلاغا تەلموتيب، ئەشتانيب تۇغان قو
نيمە؟... تەلمومە، اولاغا!... باق، ماڭا!... بيلسەڭ، سينڭ ئۈچۈن ماشو، ،،سين،،دن آيـ
ماشو، ووجوددن اوشوق، كۈمۈندرگچ يوق!... تاشلا، يوق، با خييالّانى ئيسيگـ
چولپاننڭ نۇزوگم توغروسيدا ئەيتقيني:

او هيلى ،،باقى،، ئۈچۈن كوك يۈزيـگە ئستەيدو يول،
كوكگە آشقانلا تپلماس، آنديما يوقدر ووسول.

لەيكن...، قاتوما بيشيگنى، بوگون مەن سينڭ بلە بللە ديدى... آه، ووسا
مانا، شو دقيقە كويومچانم بلە وە سال دقيقەسى ايدى... شو دقيقە سەئادەت تـ
ئيچلغان، موڭيش، ئنتيزار پەردىليرى كوتريلگەن روشەنلك دقيقە ايدى... بو
آمراقلقنڭ ئبتيلا دەرجەسيگە آشقان دقيقەسى ايدى... شو دقيقە مەسئوديەت-
باشلابقى هەم آداققى دقيقەسى ايدى... آه، قايان، او، بر دقيقەلق
پۈتۈن بالقنى، سورەنيدە قالدوغان، سومبادلق «سين!...» نەگە كەتدى
ياسانچق ئەمەل وە غايەلەر!...

بەريلا پۇندى!... بەريلا ئۇچدى!... يالغز خييالمدا او، اوماقلق-آمريغمنڭ «سينى» ۇز آلديمدا ،،توكا» سى... مونگولك بەخسزلك!...

مينى، يالغز مينى!... مەيوسييەت تيگزيگە چوكرۇب، چوڭقور تەسيرى تيگيدە ەم جىۇوغـان حەيات پاجيئەسى، واقيعەنڭ شاهيدليرى بوغان آى وە يۇلدوزلاغا زادى ۇ تنلق قمبدى... اولا، گويا بوهالدن بىخەوەردەك تيخىچە خوشاللق بيلە يالقنجاب توررودو... يگەن ۇم، بيليدو؟ موندان نەچچەن واقيعەنڭ شاهيدى بوغاندو!... بەلكم، هەر دقيقە، هەر ۇرانديىيەسىدە مونگدەك نەچچەن حەيات پاجيئەسينى كوروب اوتكوزيديغاندو!...

– پەقەت موتەسەللى مەن.

– نيچون؟ – آچون اوچون!...

– كم بيليدو. برچاقدا آمريغيم توكاسى اوسنيدە گوللە اوسوب گۇلستانغا آيلينا. اوچاغدا جانلريمز باشقا قيليپقا كريب يەنە بو گۇلستانلقدا جولان ئيتەر...

اۇيغور باليسى

****✡****

ييڭى ئوچاق...

...بۇگون قاپيلە تەن شەن ئتيگيگە ئيرگەنلەر ئيدى. ئۇيغۇرستان ژوتينڭ كورەڭلك ليسەلگيسى بوغان شانلقخان تەڭرينڭ كوكگە تاقاشقان چوقوسى سۇرلك كورنيشى بلەن قۇوۇوبەگەن»مەنزيلينڭ يۇروقلغىدين بيشارەت بەمەكدەئيدى. براق يوروقلقا غاليب كەگەن آبدرا ڭغولق، سالويراب تۇغان شوم گۇگۇم، بيشارەتچىخان تەڭرى چوقوسينى قارا پەرديسى سدەن چونكەب، قاپيلەنى يول ئارديرشنڭ پيوندە ئيدى. يول خەتەر... يول، زولمەت ڭگيلى ئارقياق ئوتكۆسى: زولمەت جاڭگيايدا قاپيلەنى پايلاب تۇغان ئشت-قۇش، يرتقچ جانوالانڭ هەد هيسابى يوق... يولغا كريش بلەن موتلەق وەهشى جانوالاغا چريشب قاپيلەنڭ يەمتيك بولوشى شەكسز ئيدى. ئەسرلەدين بۇزى ئينسان ئاياق سميغان زولمەت جاڭگيلى ئارقيلق ئۇيغور ژوتيغە يول سيليشقا چيققان بۇ برنچى پيلە. برنچى يولچيلا ئيدى...

شۇنۇڭچون قاپيلەگە يول مەجهول... يول ئوزوق-زادراهيلە توغريسيداهەم وايم باريدى. انا. شۇ ياقلرينى ئويلاب قاپيلە يوروق كۇننى كۇتمەك بولديلەر. براق، تەلوە، توسون كەچكە قاغان قاراڭغودين قوقمابدو، ئوچاق قۇرغان دەرەگگيدين،، دەب ئونجيمەسدين ۇرشينى ئيلگەرى سۇرەتدى... قاپيلە ئەكسرييەت بلەن مۇندا،،ئوتاق،،تۇزەب،،ئوچاق،، ۇرماق بولديلەر...

ئـوچاقچی ئوغوز: ئوچاق قۇردی، ئوچاقتا كمی ئوتون كەلتودی، كمی یاغ قۇیدی «قوتلوق» چاقماق چیقیب ئوت تۇتاشدودی، ئوچاق لاولاب ینیشقا باشلیدی...

ئـوچاقچیلا: ئوچاقنڭ یوروغی بلە ئازاداق بەلگیسی بوغان خان‌تەڭری چوقوسی ئایدینلاتماق، بۇنۇڭدین ئەكسی ئاتكەن نوربلەن ئۇیغورستان‌نی یوروتمان ئیدی...لەیكن خان تەڭری، چوری یدە دەهشەتلك قارا بوران، قالتس شاورغان بیكی ئوچاقتا قارا ئەژدیها سولیتیلە گۆگراب، قۇتۇرماقدە ئیكینی ئوچاقچیلاغا ئاڭلینیب تۇراتدی. قە ئەزرائیل ئۆلا بلەن بللە ئیدی...قارابوران، قالتس شاورغان‌نڭ ئیلغاری سوغ-زەمهەر پۈتۈن كائناتنی توكدیریش بلەن تەهدید ئەتمەكدە ئیدی...

ئوچاقچیلا: كەكوسی‌نڭ قورقونچ، دەهشەتلك بولغانلغی ئۈچۈن وایم‌بلەن دیریلدە ئیزتیراب چەكمەكدە ئیدی... قالتس بوران ئاختارنیب، ئوچورلیدیغان بر ئوچاق، هیلە قیلیدیغان برجان ئیستەمەكدە ئیدی... قاپیلەدن ژیراق ئەمەس، بر سەینالقدا ژیلتیلدب بر ئوچاق، پللدیغان بر چیراق كوزگە چیلناتدی. قالتس بوران، ئەیمەندوگچ شاورغان بوڭا قارشی قوتۇرنماقدە...

لەیكن، بۇغیریب ئوچاق ئەهلیدین بر قیسمی بوڭا قارشی ئامالالانی قیلیب، ئاداقی ئوتون، ئاداقی یاغلرینی قۇیۇب بوسیما، آتا اوچاقی، ئانا چیراغینی اوچومەسدین، ئو زون توننی اوتكزیش... تاڭغا ئنتزار ئیدی. قری‌لا بوسا تەغدیرگە تەن بیریب ئەزرائیلگە جنین تەسلیم قلیش‌نڭ هازرلغینی كورەتدی. بولانڭ ئاریسیدیكی تالای جان ئاچچغی‌دین نەزغی جانلانڭ ئیگرەشلری ییگی ئوچاقتا ئاڭلانماقدە ئیدی... ییگی ئوچاق ئۇیغۇرستان ئیشیك تۈویدە قۇرولغینی مۇندین مەعلوم ئیدی... ئوچاقچیلا، ئوچاق قانچە لاولیتیب ،،ئۇیغۇرستان،، هاواسیدا بر ئوزگەریش یاساشقا ئیجتهاد قلسیما، كانا قەدرلك كەڭ ئۇیغۇرستاندا حوكوم پەرمالق قیلواتقان قارا بوران هەم شاورغان سووتقان هاواسینی ژیلیتش مومكن ئەمەس ئیدی. بۇنۇڭچون تدبیئەت كوچی لازم ئیدی.

دیمەك بـولا توت كـوز بلەن تاڭغا مونتەزیر بولوب‒قاراب تۇراتـتی یـیگی ئوچاقنڭ لاولاب تۇغان یالقینی، ئوچوشكە یقینلاشقان ئوچاق ئەهلی‒ئائـ عائیلەسیگە كورنیش بلەن یاش اوسمە ئۇیغۇرلادن بر نەچچەسی یول‌نڭ خەتەرلـ لغیدن وایمسز لاولیغان ئوچاقتا قاراب یولغا چیقدیلەر... بو یاش باتورلانڭ قـ سی وەهشی جانوالاغا ئوچراب پاچیلاندی. قانچیسی یول ئیزیب یولنڭ باش. ئـ تاپاماى خاراب بولدی. قانچیسی تەبیئەت قەهریگە یولقوب شاورغان ئاسنیدا ـلدی. نیهایەت ئەڭ كەنجە ئوغوز نەسلی ئوچاقتا ئیریشدی، بۇ ئوچاقچیلا بلە ئوغوز ئوچاغینی قالایدو!...

ئۇيغۇر ئۈششاقلرى بوسا، ئوچاق ئيستەب كەتكەن آككالرينك يوليغا مونتەزيرا!...
لا ...ۇر قاراڭغولق، بوران، شاورغانغا قارشى، ئوچاقارينى ئوچومەسدين ژيلتلديـ
ب كيليدو... براق قاراڭغولق، قارا بوران، شاورغان، بز، بوزەكلەنى كوز ئاچوـ
سدين، اوچاقلرينى بر ئاندا ئوچوروب، مونگولك حوكوم پەرمالق قيلشنك پيوندە!...
...كن، تاكما يقنلاشدى، بۈسى تورلك ئەلامەتلەدين بەلـگيلك... ئەمدى ئوچاقچيلاـ
...ك ديگيلك حەرەكەتدە بولوشى لازم... قاپيلە يولغا چيقيب، ئوچاقنى اويغۇرستاننك
...روزيدە قۇروش كيرەك!...

پاتقينا ئينسانيەت ئاچونينى يوروتقوچى كۈننك ئايغاقچيسى ,,تاڭ,, سيزيلسا
...كيرەك. نيهايەت ئۇيغۇر ئاچونينى قاپلاب تۇغان قاراڭغواق-زوامەت زايل بولوب، قالتس
...وران هەم شاورغان پەسليسە كيرەك. كوزدن ئوچقان خان تەڭرى چوققوسى پۈتون
...سوليتيلە كورنسە كيرەك. لەيكن!... هەيهات!!...

,,ئۇيغۇر باليسى,,

ارماق بلەن ئامراق

اوماق غولجا شەريدە بر تارانىڭ سۈيۈملك قزى ئيدى. اونك ازيغور قزلريديلا
...وليديغان بوغداى ئوڭلۈك تولون يۈزى، بەرگى قيياقدەك قيغاچ قيشى، ئانار رەڭلك
...ل مەڭزى، يۈز ئۈستيديكى ياراشملق ميكى، مۆلتەرەب توغان بوتا كوزى. تال چيويقدەك
...پا بويى، سۈنبول ياڭلق بۆدرە چيچى، پەرى سۈپەت سۆلەتلك سينى، ئۆزيگە تاتقوچ
...وكانە جلوەلك قليغى وە سيلق سۆزى بلەن ئامراقنى ئۆزيگە قاريتب تيوندوغان هەم
...ۈيدۈروب قاش ئيتب، كرپك قيقشى بلەن كۆزۆمسيرەب قاريشى ئامراقنى مەپتون
...كەن ئيدى.

تەبيئەتنك جامالى ديگيدەك بو چرايلقنك ئالديدا، ئامراق ئۆزينى پيچن-سز كورەتدى.
...نك ئۆچۈن هەر واقتا، اوماقنك يوليدا ئۆزينى پيدا ئيتشكە هازرلغينى بلدرشكە
...ب تەشنا ئيدى. لەيكن، اوچراشقاندا اوماقنك سۆزى (مەهابەتى) بو تەشنالق
...كلەنى بلدرشكە مانيع بولاتدى؛ شونداق بوسوما، كوب اوچراشلانك بريدە ئامراق
...ڭليديكى تلەك وە مەخسەتلرينى ئۆشبو ناخشيلا بلەن بلدرشكە مووەپپەق بولدى:

تاغديكى بەرگى قيياقدەك،
قاشلرڭدن ئورگيلەى.
تەلموروب تورغان كييكدەك،
كۆزلرڭدن ئورگيلەى.

دلبرم ئایدەك يۈزۈگگە،
زەيتينە خالڭ بولاى.
كيچە يانگدا ييتب،
كۈندۈز خيريدارڭ بولاى.

ئيشق وا مۇھەببەت اوتى بلەن يانغان ئامراق، اوماقنڭ ئيلتيپاتيغە يەتسەم
ھەر بيقشيدن اومونوب، ئاگا ييقنليششقا تەلپۈنگەن سيرى، چرايغە مەغرور بو
اوماق دالجيماقدا ئيدى. بو ھال، ئامراقنڭ ئەندەكەب توغاب كوڭليدە: اوماغيغە قوشو
ئامراق، ئەلوەك بيقشيغا يەتسەم ديگەن كۈمۈنۈشلريني يوقوتوب، ئەنسيرەش اوروغ
چاچماقدا ئيدى.

مانا، شو ھالنڭ پەنا تەئسيرى، كۈڭۈلديكى نەگەدور، ئالدراتقان چوڭقور تويغ
پيكر خيياليني، ھيچ ياقا بولجوتماى اوماق ئۆزيگە ھايداش بلەن گولشەن باقا كر
گۈلشەن باغنڭ توموز بيشيديكى لەتاپەتلك كۈرنۈشى بلەن رونەق جامالى ئۆسن
تەبيئەتنڭ بارلق جامالينى ئوزيدە ئينئيكاس ئيتقيدەك دەريجەدە چرايلق اوماقنڭ
باغدا لەپ ئيتب تولون ئايدەك كۈرنۈشى، ئامراقنى ھەديگەندە مەھسور (قايغول
قلب قويدى.

ئامراق ناخشيغا باشلاب:

سيريق سەبدە تولون ئايدەك،
يۈزۈگگە نور ياراشبدور.
سينڭ اوتوڭ پراقڭدا،
يورەككە اوت توتاشبدور.

ـــ دەب اوماقنڭ ئايدەك يۈزيگە، سيريق سەبدە گۈلينڭ نوردەك ياراشقينيني ماقتيغا
كيين، يۈرەكيگە، ئيشق اوتى توتوشوب، پراق دەردى بلەن كۈيۈب يانغين
ئزھار قلور.

او، ييشل خەتپەدەك يەر، ھەپەرەڭ ئۆڭلۈك رەڭمارەڭ گۈللە، گويــا، بو اوماق
ئالديدا ھيچ نيمە دەك كۈرونمدى. قزل گۈل شاخيغا قونوب ئاخشامدن بيرى موڭوب
مەئشوقەسينڭ مەدھيدن (ماختيشيدن) بوشاميغـــان بولبوللا، بو گۈللە ئيچيدە بي
پەيدا بوغـــان اوماقنڭ ھۈسنيگە ئامراقلينب (ئامراقلغى كيلب) ييگى دەرد وا
روح بلەن سايريشب توراتدى. كۆكلەكدە ئەگب ژۇگەن كيپينە كلە سولونقاب، ئال
ميياو (گيزەك) بلەن ئۆتۈب توماقدا ئيدى. بو كۈرنۈش ئامراقنڭ كوڭليدە خو
موزيـكانچى جانوالرى بلەن كۈنلۈشۈش تويغوسيني توغدودى. وا شوندن ماڭ
جانلق گۈل قيشيغا ييقنلاشدى، ھە ديگەندە سۆر بيسب، توختاب تودى. بر
كيين، موڭلوق ئاواز بلەن موزيكا اويناشقا قوشولدى: مـانا ئەمدى، مەن

سازلرنی تەڭكەش قلب چیلشماقدا، گویا، گۈلله بولاغـا تەئزیم یۈزیدن ئیگلب، یوكلوب خوش بویی بلەن موزیـكـانچیلانك دیماغلرینی موئەتتەر (خوش بویلوق) قلاندی. لەیكن، اوماقدا هەرەكەت یوق ئیدی.

بو هالدن ئامراق تەئسیرلینب، غویورانه سۆپەت بلەن اوماققا خیتابەن:

تال مەجرون شاخ ئیگلدی،
یار ئیگلمەیسەن ماڭا.
یا، كیلب ئالغل بو جاننی،
یا، كۈڭۈل بەرگل ماڭا.

یەئنی: ئیشق وا مۇهەببەت هۇرمەتیگە گۈلله پوتاقلا ئیگلدی. سەنلا ئیگلمەیسەن؟ ویغیا، سەن ئیگل! یا، كیاب جینمنی ئال!...


هەم:
سەن چیمەننڭ گۈلی بولساڭ،
مەن چیمەننڭ بولبولی.
سەن چرایڭغا ئیشەنسەڭ،
مەن خودایمنڭ قولی—(دیدی).

نەهایەت، ئامراقنڭ كۈڭۈل ئاغریقی ئاریلاش، قایغوسی قیتش موڭلۇق ناخشیلری اوماققا تەئسیر قلب، بونی ئیرتدی. هەم كۈڭلیدە ئامراقلق هسسی (تویغوسی) قوزغولوب، مۇهەببەت یالقونی هسسیياتلرینی قاینیتب—جوش اوردوروب ئامریغم دیگۈزدی.

شول دەقیقە، (مونوت)دن كیین، ئامراقنڭ سەئادەتلك دەوری باشلانور. كۈنلە، ئایلا ئۆتۆدو. نەهایەت اوماقما ئۆسوب، بوییغا یىتیدو. بورونقیدەك كوچیلادا ئامریغی بلەن اوینوشوب، كۈلوشوب ژۇروشدن توختایدو. ئامراق ئۆچۈن ،،كەم نەما،، وا ،،كەم دیدار،، بولودو. ئانیسی اوماقنی قورغاب، ئیشكدن قاریسا قاغایدو.

ئامراق ناخشیغا باشلاب:

یار ئشكیدە ئەل بار،
ئەیمەنب ئۆتەلمەیمەن.
یارم تولغونوب قویساڭ،
ئایلینب كیتەلمەیمەن.
دەم غنیمەتدور بۆكۈن،
دیدار غنیمەتدور بۆكۈن،
خیلاڭ اوینایلی یارم،
خوشما هەلاوەتدور بۆكۈن.
ئادیڭ كەلدی ئشككە،
كرگەلی ئەیمینەدور.



قولی باغلاقدا توروب،
کۉزلری تەلمۉرەدور.

ـدەب موڭ وا زارینی ئزهار قلور.

بونی ئاڭلیغان اوماق، ئوی ئچیدە توروب:

کۉرگەلی کەلدڭمو یار؟
کۉیدورگەلی کەلدڭمو یار؟
کۉیوب ئۉچکەن اوتینی،
یاندورغیلی کەلدڭمو یار؟

ـدەب اوتلوق سوئالنی ئیراد ئیتەر. اوماقنڭ «کۉیۉب ئوچکەن» دیگەن سۉزی ئا
ئیغر کیلور.

شوندن کیین بوڭا قارشی:

قایدن ئچدم خام بوزاڭنی توتدی کۉکسومنی ـ(دیدی)
(پشمیگەن ئیشقیدن کینایە)

کیین: زولوم بلەن ئایرب ئەتدی، بوتا کۉزومنی...
زولوم بلەن ئایریغانلا ئایریلب قالسون،
ئارپا بوغدای سامانیدەك سورلوب قالسون.

ـدەب ئایروغوچیلانی قاغیدی.

اوماق:

ئارپا بوغدای سامانینی سەلکن ئایریدو،
اوماق بلەن ئامراغینی ئۉلۉم ئایریدو.

ـدەب ئامراق کوکۉللەنی ئایرشقا ئۉلۉمدن باشقا هیچ کمنڭ کۉچی یەتمەسلگن بەیان ئەيل

1881 نچی ژیلی سوڭ باهار ئیدی. نە دندور؟ تاران دونیـاسی چایقیلب ا
بوزولغاندا وە ایلی کەتکەندە هەم، کۉرۉنمیگەن ئیغرلق، پریشان بر هال، قالابم
باشلینور. تاران خەلقی هەر مەهەللەدە چوغ، چوغ توپلانغان. هەر تەرەپدن قال
دیگەن ئامیرانە ئۉنلە چقب، هاوا یۉزیدە مەهابەتلك رەوشدە چاڭلا پەیدا بولو
بو ئۉننی پۉتۉن تاران دونیاسی ئاڭلار. کۉب ئۉتمەسدن، تـارانچیلانڭ نو
توقفان، ئوسکەن یەرلرینی تاشلاب یەتتە سوغا کۉچەر.

اوماق کیتەر، ئامراق قالور. بو پراق اوتیدا گۉر، گور یانغان اوماق:

قەیەدە سەن، ئامریغم؟! ـدب ئامریغی بلەن خوشلاشماق ئۉچۉن، اونی سە
بر هالدا ئزلەب ژۉگەندە «کۉکۉلدن کۉکۉلگە یول» ماقالی بویونچە، ئامرا
ئالدیغا ئۉشبو ناخشینی ئەیتب چقیدو:

سەن قاياقدن كيليسەن؟
چرايلغم كۆزى خومار.
ساڭا تلم تەگمۆسون،
بوينوڭغا ئاسقل تل تومار.

دەب ئاشيقانە سوئال بيرەر.

اوماق:

مەن كيتەر بولدوم يارم،
ئەرزم بەيان ئەيلەب كيتەى.
مهريبانم قالدى دەب،
چۆللەدە قان ژيغلاب كيتەى.

دەب خوشلاشماق ئۆچون تەئەسسوپانە ئەرز ئيتەر.

ئامراق:

كيتەرمەن دەب مينىڭ ئەقلم ئالورسەن،
بو جانمغە مينىڭ اوتلەر سالورسەن،
مينى قان ژيغلاتب قايان كيتەرسەن،
اوماق سينى بر ئاللاغا تاپشوردوم،
سينى مەن كۆرميسەم نيچوك چدارمەن،
سينىڭ سز ايليغا قانداق تۆزەرمەن،
ئاتاناڭ بەميسە هالم خارابدور،
بەختم قارا بولماسا اوماق كيتەمدور—(ديدى).

كۆن ئۆتەر ئۆتمەس، ئامراق سۆيۆملۆگينى سيغنار.

شونىڭ بلەن:

بۆگۆن ئالتە تاڭلا يەتتە،
مۆريبان يار كەتكيلى،
باقۋا كرسەم ئزى بار،
تاغلاغا چقسام شاميلى،
ئاقو ئايدن كيچەلە،
ئاپپاق ئايدن كيچەلە،
گۆل بلەن رەيھان پورايدو،
يار ماڭغان كوچيلا.

—دەب ئاه، پوغان چيكب مۆڭلونور. ،،اوندن ئاندا ،،بور، موندا كتويەر.

ئامراق:

قزل گۇل توويده سكچاى،
ئچب خومار بولدوم مەن.
ئايريلب كيتەر يارغا،
يۇروب ديوانه بولدوم مەن.

ـدەب ئامراقلققا قايسى ييريده موبتەلا بوغانلغينى خاتيريگه كەلتۇرۇر.

اوماق بوسا، ئامراقنڭ كەينيدن كيلشينى ئوميدلينەر، شونوڭ ئۇچۇن، يوليغا قاراب تۇت كۇز بلەن مونتەزر بولور، لەيكن كەمەس.

شوندن كيين قوليغا دوتا ئيلب:

ئەجايب كەلميدڭ يارم،
يولوڠغا بارغيدەك بولدوم.
قولومغا قوش پچاق ئالب،
يۇرەكنى يارغيدەك بولدوم.

ــ ديگەن ناخشينى ئەيتار.

كۇنله، ئايلا، ژيللا ئۇتەر، روهانى اوت يالقونلينب ئامراقنى كۇيدوروشده ئيتەر. نەهايەت، ئامراق تاغ ئيشب، تاش بيسب، دەريا كيچب ئەل گيزەرلككه چ… موڭلوق سازينى چيلب دەريادن ئۇتەر. تارانچى ديياردن (ئولكه) ئاختوروب … اوماغيدن خەبەر تاپماس.

باغان ييريده غوربەت چيكب:

مەن بو يەرگه كەلمەس ئيدم،
يار كەلتوردى مينى،
اوتقا سالسا كۇيمەس ئيدم،
يار كۇيدردى مينى.

ـدەب بالق ئيغرلقنى يارى ئۇچۇن تاتقينينى ئزهار قلور.

هەم:

يوردوم ئالەمنى كەزدم،
سوردوم بارچەدن غەم بار،
غەمسز كشى ئالەمدە،
مەن بلمەس نه ئادەم بار؟!

ـدەب، مونداق غەم ئاستيدا يالغوز ئۇزيلا ئەمەس، بەلكى، بوڭا پۇتۇن دونيا موشتەرەك ئيكەنلگينى ئەيتب ئۇز ئۇزيگه تەسەللى بيرەر.

بر ئازدن كيين ئامراق ساقسزلانور، ئۇزينڭ هەيات ژيپينڭ ئۇزول… سيزەر، هەيات واختيدا كۇگەن ئيغرلق، مەشەققەت، جاپا، غۇربەت، دەرد …

ئنقوزیدیغان ئۆلۈمنی سەبرسزلق بلەن کۈتەر. چاپسانراق روح ئالەمیگە ئیشب،
ئنۈن ئالەمنی سەیر (تاماشە) ئیتشکە، اوماق ئۆلگەن بوسا، اونڭ روھیغە قوشولوب
سئودیەت، وە بەختیارلقغە چۆکۆشکە، ئەگەردە، ھەیات بوسا، اونڭ باش اوچیدن
بلینب ژۆرۆشکە ئالدیرار.

شونڭ ئۆچۆن بونڭ ئانزیدن: اوڭغا باقسیما، سولغا باقسیما، اوماق، اوماق!!!
ن باشقا سوز چقماس.

دیکابرنڭ کیینکی کۆنلری ئیدی. قاتتق بوران کۆز ئاچقوسز شورغان، قوقاق
واچیلانی توختاتدی. بولغا چققان ھەر یولچی، یول بیرشینڭ خەتەریدن تەگریگە
الوورب، واقراتدی.

برای، یواچیلانڭ ئچیدە یالغوز نوچا بویلوق، ماغدرسز یادڭغینە بر ژیگت:

بارغانمدا یار بار ئیدی یانسام زیمستان،
کەچکەن کۆزنۆم کەچمەسمیدی سەندن ئایرلسام.

ـدەب ناخشا ئیتب، ھەر چامدامیدا اوچورلوب، سۆرلوب ایلگرلەتدی.

لیەکن بو!... ئاناق یاش یولچیلانڭ قانچە سن ئاداشدوروب، تیننب خاراب
ئەتکن بوران!... قانچە نوچیلانڭ کۆزلرینی تولتوغان شورغان!... قانچە یولچیلانڭ
باشلرینی قایمغان قاینام!... یالغوز بونیلا ئامان قویسونمو؟... کۆب سۆرنۆشلەنڭ
بریدە بونی، تارقاینامیغە یاتودی. او، ملڭ مشەققەت وە زەمەتلەنڭ ئچیدە ئارانغینە
بیشینی قوتوروب، یاق، یاقیغە قاریدی. لەیکن ھیچ کم یوق...

یالغوز، خیالیدە بوغان مەھبوبەسی اوماق کۆروندی. شونڭ بلەن، اوماق، اوماق!...
دیەیدە کۆز قاپاقلرینی مەڭگۆگە ژومدی...

بونوچا ژیگتنڭ یادڭغ چرایی، تب تیکز تزلغان ئاپپاق چشلری، گویا بو ھالدن
مەمنون بولغاندەک دونیا بلەن ھیجیب خوشلاشدی.

ئۆزۆب ئۆتمەدی، بونڭ ئۆزینی شورغان پۆتۆدی. دونیانی زاڭلق قلب، میجایغان
چسەلینی، تەبیئەت ئاق کیپنیکە اوراب یوشودی.

ئۆزیناڭ ملڭ وا کۆنا سەمەنسیدە موڭداق ئاشق وا مەئشوقلانڭ تۆمەن. میڭینی
قوغلاغان بو ھەیات مەیدانی، تەبیئی. ئامراقنڭ بو پاجیئەسیگە کۆز قییغینی سامای
ئۆز یولیدا داوام ئتەماقدە ئیدی.

اویغور بالیسی.



ایچلماس کوڭلوم.

رەڭمەرەڭلك گول ایچلغان بیغی بولسا،
گولگه بیسیب بولبوللری ساراب توسا،
بارچه نەعمەت هازرلینب تەییا توسا،
غیریب کوڭلوم، سونوق کوڭلوم بر ایچلماس.
تورار جایم تا ئەزەلگه شوندا بولسا،
جان دوسلرم، یقینلرم کیلب تولسا،
بر توختیمای کونده تویم بولوب تورسا،
یاردا کوڭلوم اینك بلەن هەم ایچلماس.
اولتاغاندا بەختم، تەختم جەننەت بوسا،
پاك جینمنك جانانیسی کیلیب قونسا،
شیرین سوزلەب ئەکیلیتب سیپاب توسا،
شو چاغدیما ییرم کوڭلوم ئەسلا تواماس.
ایچلیب، ییلیب سازاندلری اویناب توسا،
زلوا اونلوك ناخشاچیسی ماختاب توسا،
جوگان، چوکان پوتتا سیلیشیب اویناب توسا،
آغریق کوڭلوم اینك بلەن هەم ساقایماس.
قارا قاش یار قارا کوزی جاندن ئوتسه،
نیزیقاب، بر تولغنوب آلدمدن ئوتسه،
موحەببەت شربەتینی آلدمغا توکسه،
اینگغا بو کوڭلوم قارا هیچ ایچلماس.
تولوق غولغا پاتماس سومبول چاچلق بولسا،
قارا اوزون ایلاندەك تولغنوب توسا،
اویناب کولوب، کیلب کولدومەکچی بوسا،
هیچ کولمەسمەن، هامان کوڭلوم بر ایچلماس.
دونیا کیلب آلدمدا باش ایگب توسا،
بارچا حەسرەت، غەم قایغوسی قوللوق قسا،
اوجماخ اچیده هور قزلری بلله بوسا،
سەرگەردان بو کوڭلوم مینك هیچ ایچلماس.
یاش کوڭلوم، بو سونوق کوڭلوم، غیریب کوڭلوم،
ئەسلا تولماس سەرگەردان بو ییرم کوڭلوم،
ئەسلا کولمەس، بر ایچلماس هیچ بو کوڭلوم،
تاکی اویغورستان ایلم کولمەگونچه.

عبدالحی



سونغان گۇل.

(مەرهوم سوپی زەرباتنی ایسلەیلی)

جیگەر، باغرم، سونغان ئۇلم، سوپی زەربات،
روهڭ كۇلسۇن، ئیتك سینڭ یاد ئیتەیمەن،
كۇكلم قورئانینی ئوقوب، ییشم تۇكوب،
یەرلیگگگە قزل گۇللرم سیپەیمەن!...
تۇیۇقسزلا ئاواز كەلدی «ئۇلدی» دیدی،
«ئەل بیغیدا بر قزل گۇل سۇندی» دیدی،
« گویاكی یەر بر گۇكرەش تەورەب كەتدی،
یوقسول ئەلگە چوڭ بر ماتەم بۇلدی» دیدی.
«ئاه!» دیدم، دە پیشانەمگە برنی ئۇردم،
ئچم قایناب دونیاسیغا بر تۇكۇردم،
«واقتسز بو قایداق ئەجەل، قایداق ئۇلۇم،
قایداق تویماس قارام تەغدیر» دیدم، سوردم.
خیال قلدم، بر ئیچندم، بر یغلیدم،
بر توختیمای تۇكلۇب ئاقدی كۇزدن ییشم،
«ئسیت ئەركەك ئەل باتوری، ئەمگەكچیسی!...»
دیدم، یاندی یۇرەك، باغرم، ئچم، تیشم...
كۇز ئالدمدا ئەل باتوری–سوپی زەربات،
كۇز ئالدمدا ئینڭ : ئلق كۇرنوشلری،
قزل گۇلدەك خوش چرایی، ئینڭ بویی،
یوقسول ئوچون سەرگەردان بوب یۇروشلری.
یوقسوللانی یغب ئیلب وەئز ئیتب،
همای، تالمای یۇگرەب، ئشلەب یوروشلری،
كۇز ئالدمدا بر ییتمگە ییتب، بیرب،
باش، كۇزیدن سلاب، سیپاب تۇروشلری...
هەی ئەزیز جان، سونغان ئۇلوغ قزل گۇل، سەن،
كەتدڭ بزدن، یوقسول ئەلدن، ئایرلدڭ سەن؛
ئەركن بوش یات، ییمە جیلاك هیچ بر آرمان،
اورنڭدا با یاش، یاش گۇللە–یاش قاهریمان.

ئابدولەهی مۇهەممەدی.
مەسكاو ۱۹۲۳ ئژیل پیۋرال



چال!

چال جیگەرا یەگنی توروب، تزنی پوکوب حاغونچە چال!
باش ایگب کوزنک ژەموپ، جم اولتوروب اخلاسلە چال؛
انچیکە، توزولک تارگدین موگلوق اون چققونچە چال.
تتریتب زالاندروب یەر سلکینب کەتکونچە چال.

* *
*

چال! بو موگسنغان، غیربسنغان کوگل کول‌ـگونچە چال.
هەم بو نەملەشـکەن ژورەکدە لاولاب اوت یانغونچە چال.
چال! پوتون قایغو وە دەردـغەملە یوقاب کەتکونچە چال.
روخلینب هەم جانلینب، حبجیب خوش آه... آتقونچە چال.

* *
*

چال تگلاب توغان اوستولچی خان قزب کەتکونچە چال.
دەردلینب تاقت قلالمای ایتیلب قوپقونچە چال.
نازلینب، جالانی یەلپیب، تولغونوب کەتکونچە چال.
مەس بولوب، هوشدین کیتب تا ژیقیلب توشکونچە چال.

* *
*

چال‌جیگەرا چال، چال! قولنک اویناخلیتب حامایلا چال.
چال! پوتون قوشلا کیلب بر ــ بر سالام بەگونچە چال.

سولون.



یاش کیمەچیگە

(«یارانلک جان اوزوقلیری»دن)

اوشلا مەحکەم سەن کیمەگنی، اولک وە سولدن اورسیما،
گەرچە آقاگدا ایغر ژولک وە آلدیگدا داوانلا توسیما؛
جایلا، خام فیلما ئیشگنیـیاز بیینچاگنی آل، قیش اوزوغگنی
یول ئەزابی بیل ایغردور تەکشی راسلا ئیلـاوروغگنی؛
سال آوایلاب، سەن کیمەگنی، قالتس دیگزنک تولغونی
قاینامی دەهشەت، ژورەک یاغوچـبالادک اویغونی؛
باق کیمەنگگە کرمیسون توراولک خەبیس روحلا یەنە
ئەل توغینی پیشە ئەتکەن اوز غەرەزلکلە یەنە؛

باق كيمەڭنى بوزميسون جاسوس بوزوقلا يەنە
ساقلا يوقسول ئەلنى، ساقلا ساتميسون بولا يەنە،
سال كيمەڭگە ژوتنى سويگەن چن اينك اوغلانلرن
سودە آقفان اوتدە ياغان چن اينك دەردمەنلرن؛
سال كيمەڭگە سەن تاراننڭ ايلهامى شاعرلىرن
گۇللرن گۇلشەن بيغڭنڭ خوش ساريغان بۇلبۇللرن؛
سال كيمەڭگە تاراننڭ ناغراسين هەم دومباغن
داب دوتار ئەل نەغمەسن گايت آكڭ......يەنچينارن.

اويغورستاندن كەگەن خوسوسى بر موددت نامەدن كوچريلگەن پاچە. اويغورستان اشلرى مونديكى جيلكلىرينى "اويغورستان" ناملق كيمەنڭ يەتەكچيسى هيسابلايدو.

اويغور باليسى.

* ☆ ◯ ☆ ◯ ☆ *

"اۇيغورستان"

(اۇيغۇر باليسىغا اۇيغۇرستان اولكيسىنيڭ كورنيشى)

I

نيمە بو، باغى بوستانمو،
وەيا لالە-گۇليستانمو؟
تونالماى كوزليرم تالدى
وەيا پردوسى-ئەدنانمو؟

* *
*

چورەم-ئەتراپ كوكلك مەيدان
پۇراق سەپكۇچ گۇليستانلا؛
هەم آسمان بويليغان تاغلا؛
ياشارميش روحلق بوستانلا.

* *
*

ئۇنوم بەگۇچ تريلغولا؛
ئيقيب توغان ئيقين سۇلا؛
ئيسەر ئەتراپ-جەوانبدن
ئيلق يەل-خۇش شامال هالا.

* *
*

بۇ قانداق اولكەدو، آە، بو؟
كۇكۇل راغيب، اوزى مەرغوب
كيريشكە آرزولق بوغان
مۇڭ ئۇنلك دەردلك بۇلبۇللا.

* *
*

بۇ اولكە دەرديلە مەسغوش
چيكب جەورى كۇكۇل بيهوش
دەمامەت تەلپينيپ جان-قۇش
يتەلمەى ئاقدى آق-جانلا.

II

كۇكۇل قۇشى
ئۇچسا بر كون
«جانان» ئيليغە،
بيريب قونسا
زوقمەن بولوب
غونچە تيليغە.

ساراب تۇسا
زوقمەن كۈكۈل
قاراب پيريغه،
تولون اۇزلك
ئەلەس كوزلك
جاننڭ جينيغه.

III

گۈلگه بيسيب
شاخقا قونيب
قاچان سارايدو،
مۇڭغا چوموب
غەمغه چوكوب
ياتقان بۇلبۇللا؟

* *
*

كوكده ييتيب
غەمله كيتب
قاچان آغنايدو،
مەينەت ئيتب
زەخمەت چيكب
ياتقان ديهقانلا؟

* *
*

باغقا كيريب
گۈلنی ئيليب
قاچان پۇرايدو،
گۈل رەڭگيگه
آمراق بوغان
تەلەيسز جانلا!

V

(بوغوسی...)

ياغدی يامغور
بولدی بوران
كۈچلك تارانچی
ئاچدی باغنی
ئەل اوغليغه
بزنڭ باغوانچی.

* *
*

اوچ دولقونی
كۈچ غولغونی
سەدلەنی بوزدی،
جيله تۇزاق
ئاغامچی‌نڭ
هەممەسن اۇزدی.

* *
*

باغقا كيريب
گۈلنی كوروب
اوينايلی بوگون،
آزاد باغدا
آزاد جانلا
قيلسون توی‌ـتوكون.

اۇيغور باليسی.





یاش شائیرمز —
ئابدولهەی موهەممەدی.

هازر مەسکەودە اشچیلا پاکولتیتنڭ اوقودا.

چاب کەتمینکٔنی.

چاب کەتمینکٔنی، قاتتق چاب، یەرنڭ جینی چققانچە چاب،
آستی ئوستیگە آیلاندروب. یلتزلری بتکەنچە چاب!
چاب کەتمینکٔنی، چاپسان چاب، بول ئولوغ سوکەلگونچە چاب،
توغانلرڭ مەککەم قیلب، ئیرقلرڭ پوتکەنچە چاب!
چاب کەتمینکٔنی تنمای چاب، بار کوچکٔنی آییمای چاب،
قەرەل واقتڭ یتب قالدی، ئوکٔغا سولنا قاریمای چاب!
چاب کەتمینکٔنی، کوتروب چاب، آسمان بویلاب کیلب توشسون،
بوزوق یەرگە قارا دوکٔگە جاندن جانغا کریب ئوتسون!

آ. موهەممەدی. مەسکەو.



قـزل دوڭ

(غالجات كۈرنۈشلريدن)

قزل دوڭ سينىڭ توپەڭ بەك راھەت يە،
ھەر بر كشى اويناب كۈلۈب كۆڭۈل ئاچقان.
قاپتيلىڭ تاشى، تووكدە اوى كۈنگە قارشى
قپ قزل كۈن ساڭا قاراب نورن چاچقان.

* * *

ھەر بر تۆرلۈك ئاسل مەروەت تاشلرڭ با،
قزل بوياق توپالرڭ كملەر باسقان؛
بايگە قلسا، اوغلاق تاتسا قاراتما قب،
ئاتام—باوام قانچە ژيلدن كۆڭۈل ئاچقان.

* * *

سينى قورغاب ھەر يىقـگىغا اويلەر سوققان،
تووڭدىكى سايلرڭدا سولار ئاققان.
مالارينى ئەتيگەنلگى اوتقا ھايداب،
مال يوقالسا ئزدەب كيلب سەندن تاپقان.

* * *

قاپتيلىڭغا اوششاق باللا اويناب چقب،
بەس—بەس قلب سايلرڭغا تاشلار ئاتقان.
كۈندوز كۈنى يالغوز قويماى قارا قلب،
ھەر قانداق ھايوان بوسا اوتلاب ياتقان.

* * *

ھيت كۈنلرى ياش باللا كۆڭۈل ئيچب،
ئات چيپشب، بەيگە قلب اوغلاق تاتقان.
يان باغرڭدا—قەبرستاندا اويغوز خەلقم—
يوقسول خەلقم ئەجەل ييتب ئۆلۈب ياتقان.

ع. ح. غوجامبەدى.
غالجات.



قـاچ!

قاچ بویولدن، های قایسڭ سەن بو؟ «قاچ» دەیمەن، یولدن یراق بول،
یول اوستیدە توغری ییتب، بیکار چەیلەنمە قاچ، ساق بول!
بول، چاپسان بول، قاچ قایسڭ بوساڭ، بول، بو یولدن چەتـکە قاچ،
بو موقەددەس، بو اولوغ، توز، توغری یولنی بول، بوشات آچ،

بول، چاپسان بول، بوشات. بل بو اوتلوق زورەکنڭ میکیشی،
چوڭ چامداب، یوغان آتلاب یراق یولنی کوزلەب میکیشی.
بو چوڭ میکش، بو دەورەب آقان اولوغ سونڭ میکیشی،
یەر ــ جاهانڭ، تاغ ــ تیگزنڭ، بارچە جانڭ قوزغیلشی.

بو توختالسز اوت میکیشی، جاندن ئوتەر گـاژلدیتب،
اوتەر تاغ، تاش، دەریالرڭنی یاندروب گاژ ــ گوژ ایتب،
تالقان قلار سوگەکلوڭ ایزیب، یانچب، غچرلیتب،
باشنی توغراب، یولنی توزلەب، دەبسەب اوتەر گـاچلدیتب.

«ئیدگەر»

آبـدولهـەیـگە!

(بۆرادەراڭ کچـکنە خدت وا تلەك)

قەلیمیڭ، شیئریڭ سینك.
یوقسول ئەلـگە یاندیغان.
شو یولـڭدن یانما دوستوم،
سەن برنچی چامدیغان...

یوقسول ئەلنی کوکلیتیشکە،
بیلم آلساڭ سەن قاشا... (قورغام)
چەت ئەللەدە... بیلم ئزلەب...
اوقو! یاز! ئشلە! یاشا!...

ع. غوجامبەدی

سڭلیمگە.

تیپشماقلا:

بو نیمە؟

،،دونیادا ئەڭ قیمەتلك، قەدرلك
یوقسوللانی، میللەتلەنی تەڭ ئەتکوچی
تار دۆنیا هەم زندانلانی کەڭ ئەتکوچی‘‘
ئزلەب تیپڭ! بولوڭ سڭلیم ئەڭ بەختلك.

بو کم؟

یوروغ کۆننی بر کورەلمەی زار بولغان
اوزی جانلیق، حەیات کومەی خار بولغان
بای تەبیئەت چرایغا تویینالمای
کەڭ یەر یوزی زنداندنما تار بولعان؟

تەڭریقۆل.

تەییا تاپلا

ايشان حەزرەت ايتەر دوئا:
مورید میلی ماڭا سوغا
موڭا قارشی بوغانلاغا
لەنەت، لەنەت، هەم بەد دوئا.

مولا_آخون ايتەر غوغا:
ايشان_میشان باری بیکا
عەوام میلی سوغا
قارشی بوساڭ، اولوغ گونا.

زییالی دوس نۇرن ساچا:
زییالیلی دەب ئیشدن قاچا؛
خەققە قاراب آغزن آچا
آغزی ئیڭ توشماس قاچا.

بولوس بیگم چوڭلق قیلا؛
خەققە قاراب توڭلق قیلا؛
قارشیلاغا سۇرنۇر يالا
بوزەكلەگە بو بر بالا.

موئەللم دوس هەم زارلینا:
خەلقم نادان هیچ یوق دانا؛
قاتدم جەپا کورمەی سەپا؛
خیزمەتم گە یوقدر باها.

شاکرت ایتەر: وا میللەتا!
بیلش_اوقوش باری ساڭا؛
یولیگدەدر جینم پیدا
براق یوقدر سەندە وەپا.

سینقچی‌لا هەم دادلینا:
خەلقم دیبان اوڭـسکەی چالا؛
بزنڭ سودا اوتمەی یانسا
کیرەکلرن یاتدن آلا.

مش_مش ایتە حاجی بابا:
دین ئەهلیگە یوق دەب باها
خەلقم کەچدی دیندن مانا
کەتدی سەپا، کەلدی جاپا.

خوتون قزلا نازلا، نازلا
ئەرلە زالم دەب زارلینا:
«آننا» خانم ئیپەك کییە
بز کییەمز: شاتوال_ماتا.

بارلق گونا تارانچیدا
تاران بوغان ساپانچیدا
شونداق ایغر بەلالاغا
هامان چیدا...هامان چیدا...

بارچە تابلا زوکن آتا؛
چیداب برە نەدندر بو؟
تورەشدە شو، چیدام بلە
تورەلیتکەن تارانمو، بو؟

تارانچیدن:
یاران بزگە «تاران» مەسلەك
تارانلق «دین» تاران مەزهەب
ییتش یوقدور بودون اولسەك
بزنڭ کونا ئەمەلدور بوا..

اویغور بالیسی



پیلیەتون بۆلۆمی

کوچا پاریکی.

(اویغورستان تورموشیدن بر کۆرونۆش)

— ئەسسەلاموئەلەیکوم!.
— وەئەلەیکوم ئەسسەلام.
— هە، توختەم نەدن؟
— بازادن.
— نیمە پاراك با؟
— پاراك تولا جیلك.
— قینی ئەیتساك.
— نیمە سینی سورایسە خوشاللق پاراك. ئەتەگەندە سەرراپ بازیریدن اوتوب کیتب سام، جامخان حاجم ٥-٦ کەتتەگانلا بیلە پاراك سیلیشب اوتوروبدو، بوگون قاشقادن وغان آقساقیلیغا هاگا تیلیگرامی‌نڭ خەویری کەپدو، اینگیلس‌لە موسولمانلا بلە بیریکپەك.
— ها، قاندیغیغا آداش!؟...
— قاندیغیسینی، مەن قانداق بیلەی.
— وا قیزق، نیمە دیگەن پاراك، سەوەوینی سورمودوگمو؟
— سەوەوینی سورمیساما بیلمە. اینگلیس‌لە موسولمانلاغا یاقدەك، اولا بومیسا، ولشیویکلە موسولمانلانی چوقوندرب کیتیدیکە؛ یەتتە ایخلیم دا اینگلیس دەك چوك اولوغ پادیشا یوقکە؛ شونچیلیگی بیلە خودایم اینساپ بەگەن رەهمیلك كاپرکە؛ وسولمانلانی آبدان كوروب، اوز حیمایەسیدە ساخلاماقچی بوبدەك، بونی قاشقالق ۆرغان حاجمدن آڭلیویدم. یەنە بزنڭ تیلیوالدی حاجی ئەیتدی: اینگلیس‌لە، اوتکەن گینوییە كانپرینسیەسیگە تورکیە موسولمانلریدن ویکیل بیریشقا قارشی بوبدو. سەوەوی: وسولمانلا ژیراق یەلەگە بیریب یول آزاوی تاتیب، پول سەرپ قیب ژۆمیسون، ولا ئۆچۆن اوزیمز سوزلیشیمز دیگەن غەرەز ایکە. ماشداق اینگلیس‌لەنڭ موسولمانلاغا هەر قاچان خەیر خالیغی تیگیب تۆروبدو.
— وا، آداش، نیمە دیگەن گەپ بو؟!.
— نیمە دیگەن گەپ بولاتدی، راسلیغینی ئەیتیمە.
— ئیشانمە، بیکا سوز، یوق پاراك.
— تۆرغان حاجم بیلە تیلیوالدی بایغە ئیشانمەی، كمگە ئیشانەی!
— آغینە، اولاغا ئیشینیشكە بومایدو. اولا، بای آدەملە، هەر قاچان اینگلیس‌نی اقلاب، بولشیویك‌نی یامانلاب سوزلەیدو.

— آنداق بوسا اینگلیسلەنڭ موسولمانلاغا نیمه یامانلیغی تیگیبدو،
—تونوگون موسمان آکاملانیگکیدە بیریویدم. سوزدن، سوز چیقیب اینگ
بیله بولشیویکلەنڭ یاریگی بولدی. اینگلیسلە، دونیا یوزیدیکی کاپرلانڭ ئەشەد
ما شو کونده هیندستان موسولمانلیرینی ئیسیب، کیسیب توروبدو. میسر موسولمان
یوروق کون کوسەتمەیدوکه تورکیه حوکومەتینی ئیشدن چیقریب، بولاڭ، تالاڭ قیل
شو کاپرکه. هیلی بوسا موسولمان موللالیرینی سیتب ایلیب، اولانڭ آقسیدا
موسولمان دونیاسینی اوز دەستیگه ایلیشنڭ پینده ژوروبدو.

تولا آلدا موشو کاپرکه، بو... نه واختا، قاشقا موسولمانلیریغا اینگیلس حوک
ترپیدن بر زیپاپەت بوبدو. زیپاپەتده آخون هاکاویر، چوڭلاغا اوْگوجه باشدن
— سیرپای کیگزیبدو. توْرغان حاجم سیرپای کیگەنلەنڭ بیری. ئەلبەتته اینگیلس
سوزینی قیلیدو. بولشیویکله بوسا، مەزلوم — موسولمان دونیاسی‌نی ماشداق زال
دەستیگه آلدینب توْشب کەتموْسوْن دەب، اولا بیله تالیشیویتیبدو. مونداق بوغ
کیین بز موسولمانلاغا بولشیویکلەدن بولەك یولەكچی یوقکه.

— سەن آداش، بولشیویکلەنی ماختاب ئەتدڭغو، قانداق پاراڭ بوا!...
— قانداق پاراڭ بولاتدی، توْولوك پاراڭ.
— ئەسسەلاموئەلەیكوم!
— وه ئەلەیكوم ئەسسەلام.
— هه، پاراڭ سیلشیب توروبسیله.
— هەئە، آداش.
— نەدن کیلیسز؟
— بازادن.
— نیمه پاراڭ؟!
— بازیر ئیچی ئەنسز بوب قاپدو.
— نیمشکه؟! نیمه خەوە؟!
— هازیرغا تیشلق، شونداق بوسیما، اوْیغورلا قوزغالغیدەك دیگەن، میش، پاراڭ چیقب قاپدو.
— نەدن قوزغالسون، یالغاندو.
— یاق، آداش، راسغوشایدو، کالتا چاپانلا قاتریشیب قاپدو.
کالتا چاپانلامو، کیسیمەیدیکه. آق پاشانڭ واختیدیما اولانڭ بشیدن تایاق اوْکسیم
بولشیویکله غو آبدان جاریسینی بەدی... اولانی اوْنتوْب قاغان اوخشایدو. اوْیغور
ملشو کالتا چاپانلادەكغو؟
— خوْدایم ساقلیسون، ژوْت بوْزلوب کەتسه آپدان بومایدو،

ق آسنیدا چەیلینب کیتیدو دیسەڭزچو، بایلاغو اوزلیرینی ساخلاب آلیدو. اولاغا
ە، ایغر کەسە بر یاقا قیچیب بوسیما کیتیدو.

ــ یاق، آداش، اۇیغور دیگینی آنچا یامان ئەمەسغو شایدو. نیمیشکە دیسەڭ، ئەلەم
ون‌اوغوم اویغورلانی ماختاب سوزلە پتو، اۇیغورلا پاتراق قوزغالسیدی، ماشو کاپرلاغا
زاواللق بەسیدی، دەپتو.

ــ هە، آغینە، اولانڭ قایسی سوزیگە ئیشنیلی، اوکونلا کالتا چاپانلانڭ ئیلتزینی
روتمای بومایدو، اولا، اۇیغور دیگەن ژوت بوزالا بیلە هەمگەپدەك دیگەن پاراڭنی
لیواتاتدی.

ــ شەنگەن‌نڭ پالیغی‌نڭ زەرداوی ئەلەم آخون‌اوغوم‌نی آینیتقاندو. تاپاق دونی
کوندریدو دیگەن ئەمەسمو؟

ــ ها، ها، ها، ها... شونداق دیساڭ!...

ــ ئەسسەلامو ئەلەیکوم!

ــ وە ئەلەیکوم! ئەسسەلام.

ــ کولکی قالتزغو، نیمە پاراڭ؟

ــ نیمە دەیسز، کیلەی، کیچەی پاراڭ.

ــ یول بوسون.

ــ ژوتدن کیلیشم.

ــ نیمە خەوەر، ئەلەم با؟

ــ تیشلق، شەنگەن «سولتان وەیسی» مازیریمغا نەزیر ــ چیراق بیلە باغندکە،
کارخانیدیکی پاسکینە ــ ئەخلەتلەنی کوروب تولا کیبدو. خیتای خەلقی تولا عادیل
ەق دیسیکز آ.

ــ راس، کالتا چاپانلاغا باقاندا اولانی موسولمان دیسیمو هەم بولیدو.

ــ توختەم آداش، نەدیکی ئەسکی پاراڭلانی قیلیدیکەسە، خیتایلا ئوخشاش بویاقچی
ەق یوق. اۇیغورلانڭ پاریکی قویقلیشب قاغاندن بۆزی مارای مەشروقلانی یوقلاییغان
وب کەتدی. اۇیغورلا کم، بیلەمسە؟! اولا بوسا بزنی شو تیجیمال خیتایلادن قوتقوزادرش
وچون جاندن کەچکەن...

ــ توختا. آداش، شو اۇیغورلیرڭنی خویما ماختاداڭ آ. توختەمنڭ دیگینی راس.
ارکەنتلك داموللام برمەشرەبدە، اۇیغورلاما بواشیویکلە اوخشاش ژوت بوزاردین سالادیدی.

ــ جینم دوستوم، سەن اۇلانی ئەگشمە، اولا «دین» نڭ بازیری توشیدیب اینشیدن
وقیدو.

ــ مانا، قیزق! «دین» نڭ بازیری توشیدو دیگەن قانداق سوز، «دین» ساتاق
یمەمیدی؟

ــ هەی، دوس، دین ساتلق نیمه بومای نیمه دیویدڭ، یارکەنتلك دام
آخونوم دین تاجرلیریدن ساناليدو. (سیتقچیلیریدن).
ــ قیزقلا پاراڭ، دین‌نی قانداق ساتیدوکه؟
ــ سەن موڭا ئەجەبلەنمه، یارکەنتلك داموللام ریجەببای‌نڭ میراسی توغر
بر پەتوانی ۵۰۰ سومغا سیتبدو. ما شو کەمدە قایسو سودا بو چاغلق
قیلا؟ اۇلانڭ بازبری ئشتیك دیسەڭچو!
ــ اۇسیغو راس، یارکەنتلك داموللامنڭ شو پەتواسی بیله، اوڭکەی ـ بیوه ـ
میراس‌دن مەهروم قالدی. شونچه نۇرغون پول ,,بای بایغا باقا،، سو سایغا آقا،،
قارون دەك بایلاغا کریب کەتدی. اۇ یەلیرینی اویلیسا کیشی ئۇورەب کیتیدو.
ــ زادی کەمبەغەللەگه اویغورــ بولشیویکلەدن آبدینغو یوقکه. اۇلا قاچان قوزغیلا؟..
ــ قاچان قوزغیلاتدی، بز قوزغالغاندا.
ــ وا قیزق، بز قانداق قوزغیلیمز، هیچ نیمەنڭ یول ـ یوروغینی بیلمیس
ــ اوگوتیدو.
ــ کم؟!
ــ کم بولاتدی، تیجیمەللەنڭ زولمی، وەحشەتی!...
ــ خوش ئەمسە، بیلەککه قووەت ژغیلی دیسەڭ!...
ــ شونداق بومای!...
ــ خەیر!...
ــ خەیر!...
ــ هه، نیمه توب بو؟!...
ــ بیگم او... ز... مز...
ــ آناڭلانڭ چاچباق تویی باریدی بولا، مونچه توبلیشب ایلیب؛ شەنگەن کیوان
تارال، دەیمه!... تارال!...
ــ خوب، خوب. (پیت ـ چیت بوب تاریلش...)

اۇیغور بالیسی.



پیرمی جدی، پیرمی هەجوی.

بزنڭ هوررییەتچیلە

(اوز گورش کونلری خاترەلریدن)

پیورال اوزگوروشی هەم بزنڭ هوررییەتچیلە:

ـ بو تەقدیر ایلاهینی قاراڭ. نەچچەن یوز ژیللادن اورنوشوب هوکمپەرمان قب چیقەن اوروس پاشاسی بر ساعەت اچیدە تەختیدن چوشورولوبدو. باشسز، پاشاسز ژوت قاندا یاشا ئەمدی؟

«بای آکام» نڭ بو سوآلیغا قارشی "زییالی» آداش:

ـ پادشا هوکومیتی اورنیغا خالق هوکومیتی توزولیدو.

بورونقیدەك زولوم ـ جەبر بومایدو. هوکومەتنی خالقدن سایلانغان وەکیللە ایدارە قلیدو. مانا آز کوندە اوچیریدیتلنی سابرانیاغا سایلام بوغاندا سزلینی تارانچی نامیدن سایلاب ئەویتیمز، دیدی.

بزنڭ هورییەت پەروەر "داموللام» بولانڭ سوزیگە قسیلماي چدامیدی.

ـ خودا خالیسا اسلام ئەمدی قوەت تاپیدو.

شەریئەتولغوررا ئەمدی جاری بولودو. کالتا چاپان دەھریلانڭ جاهیسینی بیریدیغان زامان کەلدی. موسولمانلانڭ دینی تەلەپلرینی بلدورش اوچون اوچیریدیتلنی سابرانیاغا روحانیلادن ـ عولیمادن سایلاب ئەویتش کیرەك، دەپ "هورییەت"، هەم "دین" هیمایەسیگە کرشدی.

هورریەتدن کیین اورنیدن قاغان "بەگ» بولانڭ سوزینی سەبر سزلك بلەن ئنقلاب چداب تورامیدی.

"هورییەت کالام» دن پایدیلینب اوزینڭ مەقیەت ـ توغری دیگەن پەکرینی سوزلەب کیتشکە قەرار بەدی.

ـ توقتاڭلا! آنداقلا آلدراب کیتش یانشی ئەمەس بولدن. کیین زامان نیمە بولدو،نیمە ئەمەس، بر خودا اوزی بلیدو. یاڭلیشلاردن پاشا تەختیگە اولتاغیدەك دیگەن سوزلە با، دیدی.

زییالی ـ بیگیم! اوزامان ئەمدی قایتمایدو. آنداز [illegible] تاشلسیڭز. مانا ئەمدی بز اوز آلدمزغا تارانچی کامیتیتی ایچیب اوز اشمزنی اوزمز بلشوروەمز. هەر بر بری ژوت کوگەن، اش باشقوغان یاشیلارمز بولغان کونی [illegible] بیشیدا اولتوروشوب بەسیلە، تولا اوبدان بولاتی، دیدی.

زییالی آداشنڭ سوزی [illegible]

«بای آکام». «داموللام» [illegible]

— یاشیسون هورریيه‌ت، یاشیسون موسولمانلا ده‌ب قچقادی.

تارانچی کامیتیتی.

آز زامان اوتمه‌ی تارانچی کامیتیتی توزولدی.
بزنـڭ «هورریيه‌تچیله» کامیتیتـکه سایلینب اولتادی. ده‌ل موشو زامانلادا «هورریيه‌تچی» لریما قاراب یاتمیدی. تاتار ،،روحانیلاری،،، ،،بای آبی،، لری، ،،زیب لری بریکیب هورریيه‌تدن پایدیلینب قیلیش یوللارینی ازله‌شکه کرشدی. مول به‌ره‌که‌لیگره‌ك پایدیلینش اوچون پوتـکول روسیه موسولمان ،،هورریيه‌تچی،، لر بیشینی قوشوش لازم تیپلدی.
ماسکاودا پوتـکول روسیه موسولمانلرینڭ سیازی چاقریلدی.
بو سیازغا بزنڭ تارانچی هورریيه‌تچیلریدن ،،بای آکام،، بله‌ن ،،داموللام،، سایل یولغا راوان بولدی.
یه‌تتی سو ولایه‌تیده هه‌ر بر آیماق اوز آلدیغا کامیتیت آچماق، مودا بوب که‌ن
— جاماعه‌ت! مین چن ریوالیوتسیه‌نیر، حورریيه‌تنی ساقلاو اوچون موسولمانلار بریگووی تیوش. اشچیله‌ر، بایلار دیب سینیپ آیروماسی بله‌ن آلدانـو ئه‌ینی ف بتون موسولمانلار برله‌شوب نیمس‌له‌رنی جیگـگه‌نـگه قه‌ده‌ر سوغشو اوچون مووه‌ف حوکومه‌تـکه یاردم ایتمه‌لی! ده‌ب ،،تاج،، هه‌م ،،دین،، اوغلی، تاتار ،،هورریيه‌تچی،، لر ژیغیب ،،قورولتای،، آچدی.
— بوتون موسولمانله‌ر بر اتفاقدا اوا‌وب اسلام فلاگی آستیدا یغۇلماقی وا لابدر. زامان حال‌مز جۇده ته‌شویشلـکدر. آینوقسه اچکه‌ریده ،،بالشه‌وای،، دیگه‌ن چقیب ده‌هریله‌ر کۇپایماقدادر. یاشاسون شورای اسلامیه! ده‌ب مه‌شهور قاریئولق حه‌زره‌تله‌ری اوزبه‌که‌له‌نڭ یوغان قوساق بایلرینی ژیغب ،،شورای اسلامیه،،نی و که‌لتودی.
قازاقلانڭ کونا توریلاری، بیلری، بای — ماناپلری بریکب ،،آلاش،، کامیتیتی نوز ،،ایشه‌ك ایشه‌کدن قاسا قۇلوغینی که‌س،، ده‌ب بزنڭ هورریيه‌تچیلاما قاراب قامب ولایه‌ت تارانچی — دونگه‌ن کامیتیتی توزولدی.

بالشیوه‌کلك ته‌شویشی.

— پوتـکول روسیه بالشیوه‌کله‌نڭ قولیغا اوتوپتوده‌ك.
— بالشیوه‌کله تاشکه‌ننی ایپ قویوپدوده‌ك.
— یه‌تتی سو ولایه‌تیدیما بالشیویکله قوزغالغیده‌ك، دیگه‌ن ،،ده‌ك،،، ،،ده‌ك،،له بزنڭ هورریيه‌تچیلانی تولا غۇلغۇیلۇقغا، ته‌شویشکه سالدی.

،،قورولتای،،، ،،شورای اسلامیه،، ههمیسی بریکب هورریيهتنڭ تهقديرينی اويلاب ئهنسرهشدی، ئولا ئهنديشه قيلشدی.
قورولتای قوپوب:
ـ موسولمان کاميتيتی خهراب بولا. ماگازينلهر تالانا. ايرکن، سهودا بته. شونڭ بزده پتهمز. حورريیهتده بته. خاراب بولامز خاراب! کاراوو...ل!!... دهب قچقادی.
ـ پادچاچل حوکومهتدهن بزدڭ قازاقنی قورلق کورگهن جوق؟ ١٦ نچی جل کيستی مولی، جير-مالمزدی تالادی. بزدی ايندی بالچيويکدهر تالاماقچی.
قازاق اورسدڭ (قاراچی) زولمی بزگه اوته تيگهن بولسادا، اوسی کونده واقتچه مهنکه تايانچ بوپتور. سونوڭ اوچون بزگه اولار بلهن بريگوو کيرهڭ! دهب چهنلريدن الغيسی کهميگهن قازاق چيناونيکلری کاراچی عهسکهری مهحکهمهسيگه قاتراب تنميدی.
ـ ،،بالشهوای،،لهر کيلسه دهريالهر کوپهيور. عولیمالرمز تهحقير ايدلورلهر. واشهريعهتا! شهريعهتا! دهب شورای اسلاميهنڭ دوگايی تهکبير ايتشدن آغزی بوشومای قالدی.
بز بالشيوهکلهگه ايگيلمهيمز. بز آلتی تال تارانچی خيتايغا بـوزهڭ بوميغان.
بز جهگلهده خيتاينڭ کوزيگه اون ايکی گهز بولوب کورنگهن.
بز بالشيوهکلهنی يقين کهلتومهيمز... دهب سوپورگه، کوسهيلرينی کوتوروب بزنڭ ،،حورريیهتچی،، قهرمانلاما کيين قاميدی.

تارانچی – تونگان سيازی.

١٩١٨ ژيل غينوار آيلريدا يهتتی سودا «بالشيوهکلهر قوزغوليشی» تهشويشی تولا نی ... هيدی.
... بالشيوهکلهر تهرهپداری بوغان اشچی-کرهستيان شوراسی سياز چاقريب انقلاب ... قوزغولوش) يوللرينی تۈزدی.
واقتلق حوکومهتنڭ اشهشلڭ اوغوللری بوغان قازاق اوروسلا سياز چاقريب بالشيوهکلهگه قارشی کورهشمهڭ چارهلهرينی ازليدی.
بولانڭ قاتاريدا قازاق-قرغز، تاتار سبازليری چاقريلدی. بزنڭ حورريیهتچی ... نڭ باشقيلادن زادی کيين قاغيسی کهميدی.
تارانچی-تونگان بريکيب سياز چاقريشقا قهرار بهدی. شهههرلهدن، قشلاق-بولوسلادن ... نڭ ،،حورريیهتچی،، ديليگاتلا آلموتوغا-سيازغا آلدريدی.
آيپاق سهلللڭ ،،داموللام-آخونوملا،، قاشقر جوگولوق ،،بای آکام-بهگ دادامللر،، ... ن باقيباق ئهوزهر ،،زيياليی،، لريمز ژيغلدی. ،،خهلقنڭ نادانلغيدن،، برنچی تاريخی ... سيازغا ساپلانمای قاغان بهغزی بر موعتهبهر ،،روحانيلرمز،، بهگليرمزگه مهخسوس ... کتوبلهر ئهوبتيلب چاقرتلدی. ديمهڭ پوتکول ،،حورريیهتچی،، زاتلا تۈگهل توپلاندی.
... ،،جهماعهت جهم،، بولدی.

سیاز ایچیلیشی آلدیدا دیلیگاتلا آریسیدا چن مەنیسی بلەن ،،هورریی
روحی بار ایکەنلیگی اوپ-اوچوق سیزیلیب توراتدی.

دیلیگاتلا:

— بو سیاز بزنك تەربخمزدا برنچی اوروون آلیدو. بو سیازنی چیرایلیغی
اوتکوزوش کیرەك. باشقیلانك آلدیدا کزلکی بومایلی...

— ،،تارانچی دونیاسیدا،، یالغوز اوتکەن بای دادامنك روحی خوش بوسون،
بابیەچچەنی سیازغا پرسیدلداتل (رەئیس) قلیب سایلایلی.

— ئەلبەتتە. ئەلبەتتە... دییشب هورربیەت یولیدا مۇهیم موحاکیمە اینش
آلموتولق، یاکەنتلك دیلیکاتلایکیگە بولونوب ،،سورریەت،، تالیشب تولا یاقا ژین
آلموتولقلا—برولایەتنك مەرکیزی آلموتا بوغان اوچون مەحکیمە شەرعییە آل
بولوش کیرەك دەب دعوا قلدی.

یارکەنتلکلە-ولایت مەرکیزی آلموتا بوغان بالەن تارانچی-تونگاننك کوبچیلك
یارکەنت، موپتی یارکەنتدن سایلانسون، مەحکیمە شەرعییە یارکنتدە بولسون!...
واقراتدی.

یارکەنتدە تیخی ایچیلماغان مەحکیمە شەرعییەگە ،،بەش کون آوال،، موپتی
تەعیین لینب قویولغان مەشهور هوررییەتچیلەدن ،،سەیاسەتچل داموللام،، بار
بو زات ڤالتس هوررییەتچی بوغان سەبەبلك خۇسۇسەن بو مەسئیلەدە تولا قەهر
کوسوتوشکە ترشدی.

بو سایلانمیغان موپتی حەزرەتلری مەحکیمە شەرعییەنك آلموتودا ایچیلیشی
هیچ قانداغ قیلب رازی بوماتدی.

— وا، بو نیمە دیگەن گەب، مینکدن آرتوق عالیم بومیسا، اونوك اوستیگ
سەیاسەت ئیلمیدن حەوەردار بوسام، ئەلبەتتە مەندن باشقا ئەدەمنك موپتی بو
حەققی یوق، دەب اویلاتدی.

یەنە بر ،،هورریيەتچی،، سەکرەب توروب: — بو کالتا چاپانلا بزنك سیازغا ،،
— قز مەسئیلەسی،، دەب بر سوز کرگزگیدەك. خوتون-قزلانی ئەرلە بلەن تەك
اولانی اوقوتومز دیگیدەك.

بو دەهریلە ئەمدی خوتون-قزلرمزنی آزدوماقچی، سیازغا بو مەسئیلەنی کرگ
کیرەك ئەمەس! دەب واقراب، جاقراب هوررییەتنی تولا یاقلاب ژوردی.

خوبلەس کالام (خلاصە کلام) بزنك هوررییەتچیلەنك آزادلق — هوررییەت یول
فیدائیلیغی، قەهریمانلیغی، بوخارا مەدریسەلریدیکی دینی موناظیرەلەنی خجالە
قوبدی.

خودا بیلیدو، واقتسز گورگه کرگەن پیورال انقلابی‌نڭ روحی، بزنڭ بو سیازدن
رازی بولسا کیرەك.
بو رازیلق، ییقینلق شونوڭ بلەن اوچوق مەلوم بولودیکی: مەرحوم پیورال انئیلابی
گوروشی) بزنڭ سیازنیما، مەحکیمه شەرعییەنیما اوزی بلەن بلله ئەپکەندی.
می، بولانڭ بر بریدن آجرالغیسی کەمیدی.

بالشیوەکله قوزغولوشی هەم بزنڭ ،،هوررییەتچی،، له.

«هوررییەت!... هوررییەت!...» دەب واقراب روسییه اشچی. کەمبەغەل دیقانلرینڭ
کەسیگه منب آغان کونا توریله هام بایلادن عیبارەت واقتلق هوکومەتنی اولوغ اوکتابر
لابیدا سوپورۆب تاشلیغان بالشیویکله. ئەلبەتته بزنڭ «هوررییەتچی» لەنڭ کوڭلینی
ب تومیدی.
بزنڭ هوررییەتچی‌له سیازنی ییپب. تیخی موپتی‌لك چاتتیغینی توگەتمیگەن واخدا
وتودا شورالاز هوکومیتی توزوالدی. (مارت ۱۹۱۸ ژیل)
بزنڭ «بای آکام» هوررییەتنڭ تەقدیریگه تولا قایغودی. بر آز عەقلینی ژیغب،
دیگەنده مالڵرینی-دونیالرینی ٤-٥ هاروانا ژوکلەب بر کیچیسی غولجیغا اوزاتدی.
نوڭ بلەن «هوررییەت» توغروسیدا کوڭلی بر آز ئیمین تابدی. بزنڭ هوررییەتچی
موللام» پیورال انقیلابی‌نڭ روحینا یاسین اوقوشقا کرشدی.
لەیکین بر یاقدن، «بعث بعدالموت» مەزمونیچه یەنه پیورال انقیلابی‌نڭ ترلشیگه،
کیمه شەرعییەنڭ ایچیلیشیغا. اوزینڭ موپتی سایلینشیغا اومید توتاتدی.
آندا-ساندا موپتی‌لك دەرجەسی خاتریگه چرشوب قاسا، ساقالینی سیپاب قویوب،
وکلیده «هه... اومیدسز شەیتان!» دەب قویاتدی.
بزنڭ عالیجاناب «پاك زات»: - مانا سیلەدە هوررییەت. هوررییەت، هوررییەت دەب
کلاغا یتدکلا. دەب بزنڭ هوررییەتچی‌لەنڭ کوزیگه کریب ایلیب تولا مەسخیره قلدی.
اوزاغراق توسا اوزی مەسخیره بولوب قیلشدن قوقوب، خیتایلاغا خوش خەوەر
کورومەن دەب هەمیدن بورون غولجیغا سەپەر قلدی.
بزنڭ هوررییەتچی «زیبالی» مز آریسالدا (ایکی اورتیدا) قالدی. کیتەی دیسه،
شیوەکله‌نڭ ییکیلب بورونقی زامان قایتشی احتمالی با. کەتمەی دیسه، هوررییەتچی
یقارینڭ کوڭلی رەنجیب قیلیش مومکن. «قاندا ئیسام، قانداغ بولار یکن» دیگەن
بلەن هنرەنده قالدی.

ئەکسیل انقلاب هەم بزنڭ ،،هوررییەتچی،، له.

قازاق اوروس (کازاچی) پالکونیکلری. گینرالری. تورەلیری‌نڭ چرایلیق چەنلەدن،

نىكالاى بەگدىن نورغون يەلەدىن آجرالغىسى كەمىدى. شورالار هوكومىتىگە قارشى قوز
بزنىڭ بىكاچە بوب قالغان هوررىيەتچى لەگىما اش تىپلدى. بولا هە دىگەن
هوررىيەت مەيدانىغا ايتىلىب چۇشتى.

يىگىنى توروب. موشتومىنى توگوب ئەڭ آوال „باى آكام“ قوپدى:

— جەماعەت! واقتنى غەنيمەت بلەيلى. بالشيوەكلەگە قارشى كوروشەيلى، مەن
آقلانىڭ ئەسكىرىگە يازغوزدم. كىرەك بوسا قولومغا جابدوق ايليب اوزەمما سو
دەب مەيدەسىگە اوروب هوررىيەت اوچون آغزىدن اوتلانى چاچراتدى.

بزنىڭ „بەگ“كە آمدانلا جان كريب قالدى:

— مانا خودا خالىسە بالشيوەكلە يوقايدو. يەنە آوالقىدەك تارانچىلاغا „بەگ“
اولتورومەن. آندن كيين بو تارانچىلا يەنە مىنىڭ آغزىمغا قارىماى نەگە بارو
مەنسەب... يەنە آبروى... دونيا... مال... يەنە ٤-٥ آغچاملا... ايهى... هى... هى
بىگم خوشاللىغىدن كولووەتدى.

لەيكن بر آزدن كيين هوشىغا كيليب موندا ق تاتلق اويلا بلەن واقت اوتكو
ماقول كومىدى.

باى آكام دىگەندەك „واقتنى غەنيمەت بلىش كيرەك“ دىدى. هەم بايقى
اويلا بلەن آق بانديلانىڭ بارىگاهىغا كەتدى.

بالشيويكلە يىگىلگەن تەقدىردە، ياشلىياشدن بەگ بولوش شەرتى بلەن
ئەسكەر ژىغىب بىريشكە وەعدە قليب ياندى.

بزنىڭ هوررىيەتچى „داموللام“ نىڭ با-يوق دىنى حسياتى بر يولى-قوز
— موسولمانلا! بالشيوەك هەم اولاغا قوشولغان كالتا چاپانلاغا قارشى شوقوشما
بولا هەممىسى دەهرى. بولاغا قارشى جاهات قيلىش خوتون-قزلرمزغا هەم پەرز
دەب هوررىيەت هەم دىن نامىدن اوزىنىڭ قارا تەشويقاتىگە كرشدى.

«قاندا غ قسام، قاندا غ بولاريكن» دەب ژوگەن „زىيالى“ آداش خىلى زا
اوچوق بر يولنى توتالماى، اوزاق پكر ژورگوزگەندن كيين قەتعى توقتامغا
— ئەلبەتتە خەلقغە خزمت نامىغا بالشيوەك بوغاندن كورە، بورونقى د
كونا مەميلە قيمەتروك، آرتوغراق، دىدى. هەم اوزىنىڭ بايقى قەدردان ر
قوشولوب كەتدى.

تەقدير ايلاهى شونداق

تەرىخ اوز اشىنى قلدى. هوررىيەتدن اوز آبروىى، اوز بايلىغى، اوز م
يولىدا پايديلانماقچى بوغان „بەندە“ لەرنىڭ ئەكسيل هەرەكەتىگە بالشيوەكلەر
تەرەپىدن كوتەرىلگەن قزىل بايراق قيملداب قويميدى.

آق بانديلا قاتتيق يىگىلىب خىتاى جاهانگيرلريغا بيرىب سيغندى

ھەممە بالانی تەگەن قازاق اوروسلا جینینی ساقلاب قوتولدودی. بولا بزنك ھورریيەتچی‌لەگە کوزینك قویروغیدیما قاراب قویمیدی.

بزنك »ھورریيەتچی« لە روسیە ییریدا ایلنغان ھورریيەتنی ختای ییریگە بیریب ساقلیماقچی بولدی.

ـ یاھو، یا مەن ھو... غولجا شەری نەدەسەن؟... دەب ھەممیسی غولجا شەریگە قاراب راوان بولدی.

ـ کیرەك بوسا قولومغا جابدوق ایلیب اوزەمما سوقوشیمەن... دیگەن شوجاعەتلك «بای آکام» بایقی ئەوەتکەن ماللرینك کەینیدن ژوگرەب قۇیرقنی خادا قلدی.

بر تامچا قینی قاغیچە سوقوشیدیغان قەھریمان »ھورریيەتچی«لە کەمبەغەل تارانچی دیھقانلرینی ،،تەقدیر ایلاھی،،گە تاپشروب اوز جانینی قوتولدوروش کوییغا کردی.

ئەحوال زاماندن خەبەرسز خەلق بولانك قارا تەشویقاتی‌غا آلدینب بەلانك اوترسیدا قالدی.

اینقیلاب، کورەش زامانیدا تەبیعی بوغان تەرتیب‌سزلك مکلەب گوناھسز تارانچی کەمبەغەللرینی قۇربان قلدی.

تارانچی ئەمگەکچی‌لرینك کوچیدن پایدیلینب اورگەنگەن اوروس کولاکلیری (بایلیری)، یەنە بر پایدیلینب قالدی.

اوزینك ئەساسسز، قارا تەشویقاتی بلەن تارانچی ئودومینی اونتولماسلق ایغیر کونلەگە قالدوغان بزنك «ھورریيەتچی» لە غولجیغا بیریب، اسسیق کاکلیق اویلەگە وزغ بەکلەندی.

بۇلا اوزینك قەھریمانلغیدن توغولغان نەتیجەلەنی اویلاب، خاترلەب وجدانی بر آزاپلینب تۇمیدی.

بەلکی، تەقدیر ایلاھی شوندلق، دیدی. ھەممە گوناە ـ عەیب بیچارە آنی قاغان ،،تەقدیر،،گە آتیلدی.

بزنك ھورریيەتچی‌لەنك شونك بلەن بر نەچچە زامان کوکلی تنچلاندی.

* * *

یازغوچی تەرەپیدن بر ایکی سوز:

بو اوتکەن کونلەنی تارانچی کەمبەغەللیری تیخی اونوتمیدی. اولا حازر اوزینك پایدا ـ زەرەرینی، دوس ـ دوشمەنینی یاخشی آجریتیب آلدی.

حازر اشچی ـ دیھقان خەلق مەدەنیيەت وا اقتیساد مەیدانیدا چالیشب. تەریخنك قاراڭغو کونلریدن قالغان جەراحەتلرینی داوالیماقدا.

ئەمدی خەلق اوزینڭ استیقبالینی یالغوز ،،تەقدیر ایلاهی،، گە تاپشوروب
اولتامایدو. بەلکی اوزی‌نڭ برلیك ـ انتیماغی، کوچ ـ قووەتی‌گە اوزی‌نڭ ئەمگەك ـ
تاپینب یاشایدو.

کەمبەغەل ـ یوقسول خەلقنڭ‌بریککەن کوچیگە قارشی تورالایدیغان چدایدیغان
ایکنچی یەنە بر کوچ یوق.

شونوڭ اوچون مینڭ دوستانە تەوسییەم ،،بای آکام،، لا، کەمبەغەللەنڭ
تەری ـ تاپـان حەققی‌غە تولا قول اوزایتمیسون. ،،بەك آکام،، لا، یا ئگلیباشدن
بیشیغا منیب دونیا بلەن آغچاملاغا چوموب یاتیدیغان تانلیق اریلانی تاشلیسون.
،،داموللام وا آخونوم،، لا موپتی دەرەجەسیگە میندیغان نییەتیدن قایتسون،
،،آخیرەت،، بلەن قورقوتوب، شیریئەت هەم پەتواسیتب، بایلقغا تولاهە وەس قلمیس
عەکس حالدا: سیلە کەمبەغەللەنی تاپشرغان ،،تەقدیر ایلاهی،، گە باققاندا، کەمبەغ
سیلەنی تاپشرودیغان ،،غەزەب ایلاهی،، قاتتیغراق!...

اوزەڭلاغا ساق بولوڭلا!...

ھکالتا چاپان.



خەلق ئەدەبیياتی بولۇمی.

ئەن نەغمە-ناوا.

بزدیکی، نەغمە ناوالانك تووی آلتیشەدن چیقیب آندن ایلی تەوەسیگە تارالاندی
ازرکی واقتدا، ایلی آرقیلق یەتتی سوغا تارالیدو). آتا-باوامزدن میراس قالغان
غمە-ناواغا بوغان آسراقلیغمز، هەوەسیمز آرقاسیدا زامانیدا مللی بەزمەلریمز
وزیقەلریمز) خیلی تەرەققی قیلغان. آلتیشەدن چققان هەر بر ئەن. ناخشا، سازلا
یغا چققاندن کیین دەردمەند نەغمەچی، سازەندەلەر تەرەپیدن ئوگەنلری توزەتونوب،
ك، نوس بیریب هەر واقتنك اوزیگە یافملق قوشاقلری بلەن، یومشاق، موكلوق
یقا سالنغان.

هەتتا، سولتان زاماناسیدا، سولتان اورداسیدا آلایتان نەغمەچیلەر بوغان. بو نەغمە
ناواغا بیریلگەن ئەهمییەت شونچەلککە یەتکەنکی، برەر موقامدا، یگیلب قالغان
غمەچیلە جازاغا هەم تارتلغان واقتلری بولغان. شو واقتن باشلاب هەر قایسیسی اوزی
گەندەك اوقیغا. تەتریگە آیلاندورلوب یورگەن ناخشا، سازلریمز مەئلوم بر تەرتیبکە
بولماقفا باشلیغان.

سولتان اورداسیدەکی ،،اوردا نەغمەچیلە،، ری هەممیسی توققوز کشیدن ئیبارەت
لوب، تووەندەکی اویون جابدوقلری استیمال قیلناندی: داپ، دومباق (تابل باز) سونەی،
جەك، قالون، سیتە، راواب، دوتا، تەنبور هەم یەنجك بولوب، کیینکیسی خیتای قورالی
لغانلقدن کیینرەك قوشولغان.

بو ئەن ــ نەغمە قورال‌لاری پەقەت اوردا اچیدە خوشال ــ خوراملق هورمەتیگەم
كلە آراسیدا توی، تاماشا واقلریدا چالیناتدی. بولادن باشقا ناغرا، کانای - سونەی
ابدوقلری بولوب، بولانك اوینولودوغان واقتی چوك تویلادا، هیتلادا وا جەك واقلرید
دی. ئوموماً اوردا نەغمەچیلری اوتتوز ایکی تورلوك موقامغا اویناتدی. وا بولانك
یدە اون ایکیسی هەم ایتیبارلقراغی بەگلەر - نەغمەسیگە آیریلاتدی. ئەیتەوور موشو
ورلەدە نەغمە - ساز بزدە خیلی تەرەققی تابقان ایدی.

براق - ایلی سولتانلغی پۇتیشی بلەن ،،کوچ،، باشلانیب، خەلقنك هەممیسی نیری
یران آموالدا قالیشی سەوەبلك، موندا‌ق نیمەلەگە ئەهمییەت بەرگوچیلگی قالماغانلقیدن،
وروونقی تەرتیبلە ژۇتوب، هەر کم اوزی بلگەنچە ایتیب چالغانلقیدن کوپی بوزولوب،
ونتولوشقا باشلیدی. شونداق بوسیما، سولتانلقدن وا خوسوسەن مەشهور نەغمەچیلەدن
وغان یارکەنتلك موللا گایت وە باشقیلا اولگەندن کیین بزنك آرامزدا نەغمە قیلدوروش
دبنی بوقالماسدن هەر قایسی سارەندە اوتتوز ایکی موقامدن اوزی بلگەنینی

ويناب كەلدى. براق بو، اوينوغوچيلا اوز تەرتيبى بلەن، توشقوزوب اويناماغانل
ژيلنن ژيلغا چولتولوشوب وە بەلكى يوقولوش دەرەجەسيگە يەتدى.

يارکەنت كالتا چاپانلرى تەرەپيدن ١٩١٣-١٩١٤ نچی ژيللريدا بر مونچە كي
ياساليب، شونوڭ آرقاسيدا، ناخشا ـ سازلريمزنى قەدر حال تەرتيپكە سالش كيرەك
پكر قوزغولوب، بار بوغان ياش هەوەسكار سازەندەلريمزنى ژيغيب، ناخشا، ن
بەزمەلريمز آزدو ـ كوبتو تەرتيبكە سالنماقتا باشلاندى. حازركى، واختا اوز آرا، كو
ياتملق، موڭلوق دەب سانالغان بەگلەر نەغمەسى بوسيما، براق هەمميسى تولوق ئەمەس
شونوڭ اوچون، سەنايع ـ نەپيسەمزنڭ بر بۇلۇگى بوغان نەغمە ـ ناوالريمزنى مون
كيين يولغا ساليب، تەرەققى قيلدوروش حەرەكەتيگە كرشيمز لازم. وە ئيلاجى
هەممە ئەنلريمز نوتـاغـا ايلينب قوشاقلريمز (ناخشالريمز) بـاسليب تـارا تلي
لازمدور. مەن هەم اوزەمنڭ ياديدا قالغان وە ژيققان بر مونچە ناخشالانى تووەن
تەرتيب بلەن يازدم. ئەلبەتتە، بو كيپايە ئەمەس، وە بەلكى بو، ئەن ـ نەغمەلريمز حە
بر تالاى اشلەش كيرەك. بونداق آعوالدا قالدوروش ياريمايدو. بونوڭ تورموش
ئەهميەتى چوڭ.

نەغمە ـ ناخشيلانڭ آتليرى:

١ ــ بەگلەر نەغمەسى
٢ ــ يولەن
٣ ــ توى ـ سەنەم
٤ ــ غيريب سەنەم
٥ ــ هەدادەى
٦ ــ واديريغا
٧ ــ سوۋارەى مەللانەى
٨ ــ يارى ـ يارەى
٩ ــ اوسەك ناخشيسى
١٠ــ خانلەيلون
١١ــ ئەى نادان
١٢ــ مەستوهەيران
١٣ــ نيگاريم سەن
١٤ــ يا سينڭ دەردڭ
١٥ــ يالارەى
١٦ــ جلڭ مودەخان
١٧ــ ايرجەن ـ ناخشا
١٨ــ جانم ـ خانم
١٩ــ گۇل يارەى
٢٠ــ سادرخاگروق
٢١ــ داگەگزە
٢٢ــ ئومچيلا ناخشيسى
٢٣ــ گولباغەى
٢٤ــ گول مەئشوق
٢٥ــ شەرى ـ خوما
٢٦ــ يەلە ـ دوست
٢٧ــ ناسير گوڭ
٢٨ــ اويناڭ تاچرخان
٢٩ــ آلتون خان
٣٠ــ شەهزادە خان

غانلز بولادن باشقا، جانم آللا، دادەی، گولیارەی، لەبلەرڭ ناوات گولەمخان وەباشقیلا
ەقەت خوتون-قز آرسیدا ایتلغانلقیدن. خانملا ناخشیسیقاتاریغا کرتشکە مومکون.
کیچ یوقوردیکی سانالغان ناخشالا اوزینڭ ایتیلیشی وە ئەنیگە نوسبەتەن بر نەچچەگە
دولونودو:

ن یەئنی، توی-توکوندا ایتلیدیغانی بر باشقا، بەزمە مەجلسلریدا، کوچادا، اوما واخلریدا
کورتلیدیغانلری وا اوسول اوچونهەم بر باشقا. ایتلغان واختا هەرقایسینڭ اوز تەرتیبی بلەن
ەسرینڭ کەبنیدن برینی ایتیب ایڭ آیاغی مەخسوس موقامبلەن چوشوروب قویادور.
ونز میسالی „دەگلەر نەغمەسی“ اوزی بر نەچچە موقامدن ئیبارەت بولوب. اوینولوشی،
ی هەم اوزیگە مەخسوس تەرتیب بلەندور: نەغمە باشلغی قولیغا داپینی ایلیب اوزی یاڭغوز
لیووەیدا بیشینی اوقوب غەزەلگە توشوب „موشاورەلڭ“ دن باشلایدو. بر مسراع بییتینی
زر اشلاب ایکنچیسیغا اوتوشی بلەن سونایچی هەم غیجەکچی قوشولودو. غەزەلنڭ آخریغا
ەتکوزوب توگەتکەندن کیین، قاارلاشیب اولتوغان ئەل-نەغمەچیلە هەممەسی بەب، بەرابەر
شیغمە جابدوقلریغا قول سوقوشوب، داب دومباقی بلەن برگە پەریادەیدەب باشلایدو.
رینڭ کەینیدن برینی. اوز تەرتیبی بلەن ایتیب آخرغا چوشەگەندە هەم یاڭغوز
یکی، اوچ نەغمە جابدوعی بلەن برچوشوروش موقامیغا اویناب توختاتور.

بییتلری:

۱- موشاویرەلڭ نەزمی:

غازان قلدم گولوستان عەسکەرە گول ئوزارمنی،
کیلب دلبەر تاماشا قل غازاڭ بولغان باهارمنی.
هوریدی باغو تەبیئم، غونچەقالدی گول ئاچلماسدن،
واپا ئابین بیریب سەبرە ئەیلە باغو باهارمنی.
نە کۆندزز لەززەتن کورمەی نە تونلەردەییتب ئارام،
کیچردم هجری اوتی برلەن کۆیوب لەیلو ناهارمنی.
باقامنی چاك ئیتب یغلاب، یارب کویدا دات ئەتسەم،
ئوشال بیرەهمی ئشتمەیدو مینڭ پەریادو زارمنی.
چقارغامان یەقین بولدی ئولەی دەیمەن کوروب دیدار.
باروب ئەینڭ کیلب کورسۆن مینڭ بیرەهمی یارمنی.
مەن ئولسەم ئەی بورادەرلەر ئانڭ یولیغا کومگەیسز.
کی، هەر یاندن ئوتەر بولسا باسب ئوتکەی مازارمنی.
موەیدا ئیتەدور یغلاب ئولوم مەقدور ئولەر بارچە،
کوڭولدە قالماغای ئارمان کوروب ئولسەم خومارمنی.

۱ـ اوختوروش: ئوشبو موشاوەرەك بەیتینك ئەخیرقی مسراعیدا غەزەلنك، گۆسی بولوب پەریادەی موقامیغە باشلایدو.

۲ـ پەریادەی نەزمی:

سەھەردە سایریغان بولبول ــ پەریادەی
كۆڭۆلنك زەینینی ئاچدی ــ پەریادەی
باغدیكی قزل گۆلنی ــ پەریادەی
یار قولا غیغە ساچدی ــ پەریادەی

* *
*

ھاوانی تومان باسدی ــ پەریادەی
یارنی كۆرگیلی بولماس ــ پەریادەی
كۆڭلۆمگە گۆمان یوشدی ــ پەریادەی
یارنی سۆیگەلی بولماس ــ پەریادەی

* *
*

یار ئیشگیدە تورسا ــ پەریادەی
ئەیمەنب ئوتەلمەیمەن ــ پەریادەی
یار شەرەت قلب قویسا ــ پەریادەی
تەلمۆروب كیتەلمەیمەن ــ پەریادەی

* *
*

یاردەردیدە ئاوارە ــ پەریادەی
بۆلدی ئۆروگۆم پارە ــ پەریادەی
ئۆزەڭ باسەن یارم ــ پەر یادەی
بودەرتكە نیمە چارە ــ پەریادەی

* *
*

بونك ئەخیریدە پەر یادەینی یوتكەب وای-وای یارەیگە چۆشودو.

۳ـ وای-وای یارەی نەزمی:

بر كۆروب ھەسرەت اوتیدا ئۆرتە نورمەنبی ریبا،
كویدوروب ئولتورگیلی كۆزی خومارم كیلیدو،
وای-وای یارەی-كۆزی خومارم كیلیدو.

* *
*

نازو گۆم غەم باغیدا بولبول سۆپەت ئەیغان ئیتەر،
غەمنی بەربات ئەتکیلی جان گۆل ئوزارم کیلیدو،
وای - وای یارەی - جان گۆل ئوزارم کیلیدو.

*
* *

زەیتونە تونني کییب خەستە کۆکولکە اوتسالب،
بیگی ئاچلغان غونچە دەك گۆل یۆزلۆگوم یار کیلیدو،
وای - وای یارەی - گۆل یۆزلۆگوم یار کیلیدو.

*
* *

قاش ئاتارم کیلیدو کرپك ئاتارم کیلیدو،
بیلیغا ئالما تۆگۆب یالغانچی یارم کیلیدو،
وای - وای یارەی - یالغانچی یارم کیلیدو.

*
* *

ئانداق ئەتمەڭلامینی ئاە مونداق ئەتمەڭلا مینی،
ئاقیبەت لازم بولورمز تاشلاب ئەتمەڭلا مینی،
وای - وای یارەی - تاشلاب ئەتمەڭلا مینی.

*
* *

٢ ــ اوختەرروش: وای - وای یارەی موقامیدن باشقا موقاملا باردی. اوزوندن بیری تاشلینب کیتب اونتولوب قاغان سەبەبلك، هازرغا بوموقامدن کیین، سەن، سەن مینی سەنني ئەیتش رەسمی بولوب قالدی.

٤ــسەن، سەن مینی سەن نەزمی:

سەن، سەن مینی سەن خاراب قلدڭ مینی سەنەی،
ئشقی اوتوڭدا کاباب قلدڭ مینی سەنەی.

* *
*

بر نەڭرم بلور مەن بلمەن هیچ کشی بلمەس،
تۆنلەر کیچەسی اول کیچە تارتقان ئەلەمنی.

* *
*

تۆنلەر کیچەسی توخولا پەریاد ئیتیدو ــیەی.
هایوان چاغیدا خودانی شول یاد ئیتیدو ــیەی.

*
* *

هایوان بلە تەڭ قویسا سەھەرلەدە کشی ــیەی.
دوزاق اوتیدن ئوزینی خالاس ئیتیدو ــیەی.

سەن، سەن مېنى سەن، سەن ئۆلتۈرەيىن دەمسەنەي،
باشىمغا ھەر بالانى كەلتۈرەيىن دەمسەنەي.

بۇنىڭ ئەمىرىگە «ئويناڭ تاجرخاننى» قوشۇپ ئويناشقا مۇمكۈن.

5-ئويناڭ تاجرخان نەزمى:

ئۇلۇمنىڭ ئەلچىسى كەلدى قىچقىلا باغۇ بوستانغا،
قىچىپ ئاندىن قۇتۇلماسمىز تاماشا قىل گۈرۈستانغا.
ئويناڭ ئەي تاجرخان،
ئويناڭ ئەي زىباخان.
ئۆلمەس ئادىمى يوقدۇر،
ئويلاڭ ئەي-ئويلاڭ.

مەن بادام كىچە بىرلەن ئىرقىنىڭ ئىچى بىرلەن،
ژىگىتنى باغلاپ قويدى جوگاننىڭ ساچى بىرلەن،
ئويناڭ ئەي تاجرخان،
ئويناڭ ئەي زىباخان،
ئۆلمەس ئادىمى بولماس،
ئويلاڭ ئەي-ئويلاڭ.

توغاي تولا سايرايدۇ توغايتونىڭ غولىدا،
ئۆلمەيمىز دىگەن بىلەن جان خودانىڭ قولىدا.
ئويناڭ ئەي تاجرخان،
ئويناڭ ئەي زىباخان،
شاھلار كۆزى مەستانە،
ئويلاڭ ئەي ئويلاڭ.

سايراڭ بۇلبۇلۇم سايراڭ قىزىل گۈلنىڭ شاخى سۇنسۇن،
يار ئايرىلىمەن دەيدۇ ئايرىلىپ كۆڭلى تىنسۇن.
ئويناڭ ئەي تاجرخان،
ئويناڭ ئەي زىباخان،
ئۆلمەس ئادىمى يوقدۇر،
ئويلاڭ ئەي ئويلاڭ.

تامام بوغاندىن كىيىن مەرغولغا چۈشۈرلىدۇ.

يۆلەن ناخشالريدن:

هەر مسران بييت نلڭ ئارقيسيدن قايتوروب ئەيتيديغان قايتارما هەم باشلانما:

واى ـ ئاى ها ـ ها يولەن ـ ئاى ها يولەن،
واى ـ گۆل قايدا با، يار، يار.
بر ياغشيغا بر يامان ـ ئەى،
واى هەر قايدا با، يار، يار.
ئاووال باشلاب خودانى ياد ئيتەلى يار،يار.
پەيغەمبەرنلڭ سۆننەتينى شاد ئيتەلى يار،يار.
واى ـ ئاى ها ـ ها يولەن (ئيلا ئەخير...)
يغلاما قز، يغلاما قز واى، تويولڭ بولور يار،يار.
ئولەنميگەن بوز ژيگت ئيرڭ بولور يار،يار.
واى ـ ئاى ها ـ ها بولەن (ئيلا ئەخير...)
توقو تاوا چاپان كييب قز كيلىدو،
يولەن ئيتب، يولەن ئيتب توى كيليدو.
واى ـ ئاى ها ـ ها بولەن (ئيلا ئەخير...)
قز جوگانلا مەيلس اويناب، تويولڭ بولور،
چۆشۆ گەنگە كمخاب تاقان ئۆيولڭ بولور.
واى ـ ئاى ها ـ ها يولەن (ئيلائەخير..)
سم، سم ئارا ياغدى يامغو سيرلدم تاشقا،
پيشانەمگە يارغان ئيكەن كردم اريناشقا.
واى ئاى ها ـ ها يولەن (ئيلا ئەخير...)
پيشانەمگە يارغانيمى كۆرمەى بولمايدو،
ئولەنميگەن بوز ژيگتلەر تويدا اويناييدو.
واى ـ ئاى ها ـ ها بولەن (ئيلا ئەخير...)

خانملا ناخشالريدن:

١ـ گۆلەم خان نەزمى:

گۆلەمخانلڭ قوش پۆپۆگى يەرگە تيگەمدى،
اون بەش ياشقا كرمەى توروب ئەرگە تيگەمدو.
گۆلەمخانلڭ توققان ييرى اويمەن بولاقدور،
گۆلەمخاننى زرلاب ئالغان ئەرگە چولاقدور.
(ئيلا ئەخير...)

٢ـ دادەی نەزمی:

خانم ئۆرگيلەی دەيمەن ـ دادەی،
جانم ئورگيلەی دەيمەن ـ دادەی،
بر زەررە ئەلەم كەلسە ـ ئۆرگيلەی،
يارغا يەتشەی دەيمەن ئۆرگيلەی، (ئيلا ئەخير...)

٣ـ ئاللا يارمنەزمی:

ئاللا يارم خياليگز ئەنجانچە بۆكمو؟
كچكلكدە اويناب ئيدۆك ئەمدی يول يوقمو؟
وای (ئيلا ئەخير...)

٤ـ لەبلەرڭ ناوات نەزمی:

بر كۆروپ سينی يارم قالمادی مينڭ هالم،
بر باقساڭچو سەن يارم تەڭ بولوبتو ئەهوالم.
(ئيلا ئەخير...)

تارانچيلانڭ ئالتەشەدن ـ ايليغا كۆچۆب كيلب ختای ئستبداديدا ئيزلب با
واەلادا ئادەنلری بوبونچە ئەر ـ خوتون. قز ـ ژيگت ئاريليشب توی، مەشرە
مەيلسلەدە پوتا سيلشب ئيتيديغان بييتلری:

تام تۆبەسيدە اولتورودو شوقچە بويلوق شول ژيگت،
ئالما بەسەم اونيمايدو بابو يا ئالتون ژيگت.
بابو يا ئالتون ژيگتنڭ سۆرەتی سولتانچا با،
ئای يۆزيگە خال چۆشوبدو ييگی ئوزگەن گۆلچە با.
(ئيلا ئەخير...)

ايلی زامانەسيديكی مەشهو ناخشيلادن بری ئالتون خانم ناخشیسيدور. بو
ئاشق ـ مەئشوق بولوب، قز ـ ژيگت بللە دوتا ـ تەمبور چيلب ئەيتشديغان ناخشا

ئالتون خانم نەزمی:

ژيگت:

ئالتون خان كردی بازاغا قاشينی بازاليتب.
ئۆز كۆڭلينی خوش ئيتەدور بزنی سەرگەردان ئيتب.
ئاق قينە ئايدەك يۆزوڭگە زەيتونە خالڭ بولای،
كيچە يانڭدا يتيب كۆندوز خەريدارڭ بولای.

قز:

بی واپادور بو، ژیگت تاڭلا اونوتقان يارينی،
ئادەمی بولسا اونوتماس كونا سۆيگەن يارينی.
بی واپالق سەنما قلدڭ مینی قلماس دیمەگل،
نیمە كويلادا يوريسەن مینی بلمەس دیمە گل.
(ئيلا ئەخير...)

ەك نەغمە وا ناخشالرمزنڭ ئۆزيگە مەخسوس تەرتيبی - اوسوای بولوش كيرەڭ هەم
وندای بولوب كەگەن.

ناغشیلرمزنڭ پۈتۈن تەرتيبلرينی خوسوسەن، هەممە سينی نەزميلرى بلەن
بان قلشقا بر كيتاب لازم بوغانلقدن، پەقەت بو ئشقا هەوەسكار باشلرمزغە اومومی
پیكر بيرب يوقالماقدا بوغان «خەلق ئەدەبيياتمز» نی يولغا قويوش مەخسيتی بلەن
ئش مەيدانغا چقرلب تورودو.

شونڭ ئۈچۈن، نەغمە - سازلرمزغا ئشتياقلق ياشلرمزنڭ، مللی ناخشالرمزنی ئۆز
رتيبی بلەن بلش هەم شونی يوقالماسلق هالغا قويوش ئيڭ موهيم وەز يپەلر يدور.

يوسوبجان غاپپاروف.



قەرزىم.

مەنما ئىشچى كەمبەغەل، كەڭ مەيداندا قان تۆكەى،
ئىزلەمەكتە ئول شەرقى، چوڭ قەرزىم، ئازاد ئېتەى.
جاھانگىر چىشلىرىغا قارا موشتوم، كۆل ئېتەى،
كامونىزم ئورنوتوب، قىزىل شەرقنى گۆل ئېتەى.
زولمەتلەنى يوق قىلىب، ئوكتابىرنى ئولگو تەى،
نادانلىقنىڭ ئورنىغا راس كامونىستلىق نورسىپەى.
ئالا ئەلەم يىرتىب، قىزىل ئەلەم توغ تىكەى،
كامونىستلىق قەرزىم با، كەمبەغەلنى ھۆر ئېتەى.
ئىشچى شەرق بىرلىشىب، بايلىرىنى يوق ئېتەى،
بو تارىخى ھىيتلانى، شولا بىلەن بىر ئېتەى!

م. يونوس.



آلتيشەر تەريخيدا هوكومەت اوزگوروشلرى *)

(ماجراالرى).

خيتايلانڭ ئالتەشەرگە برنچى كيلشلرى.

ئالتەشەرنلڭ تەبيئەتى باى. ييرى مونبت، ييمشى كۆپ وە تاتلق بوغانلغيدن، خيتايلا بو ئۆلكەنى ئيشغال ئيتشكە بەك قزقغان. ميلاددن ئيككى يوز ژيل بۇرۇن، ئالتەشەر هەققيدە ييزشقا باشلاب، خيتاى ئيمپيراتورى ،،اوودى خان،، ميلاددن ١٢٨ ژيل بورون سەيياح سۆپەتى بلەن ،،چاڭساڭ،، ناميديكى بر زابيتينى يبەرب ئالتەشەر هەقفيدە مەلومات ئاغان. شوندن كيين، خيتايلا ئالتەشەرگە كيلش پلانى هازرلەب، ميلاددن ١٠٤ ژيل بۇرۇن ئالتەشەرنى ئيشغال ئەتكەن. او واقتا، ئالتەشەرلكلە پاچە-پاچە خانلقلاغا بۆلنۆب ياشايديكەن. خيتايلا تەدريجى سۇرەتتە، اون ژيل ئيچيدە پەرغانەغيچە بيرب. ئالتەشەرلكلەنى، ئياق-سيلق تۆلەشكە مەجبور ئەتكەن. بو ئشنى اونيغا كەلتۇروش ئۆچۆن رۆهنە (زاكيلات) سۆپەتى بلەن كشيلە ئيلنغان. شو تەريقە ٢ نچى ميلادى باشلريدا خيتاى هۆكمى خەزەر ديڭزيگيچە ژورگەن. ئامما، ئالتەشەر خيتايلا ئۆچۆن ئانچە تشەنچلك بوماسدن، هامان خيتايلاغا قارشى سوقوش قاغان سەبەبلك، شونڭ نەتيجەسيدە خيتايلا ٢ نچى ئەسردن باشلاب ئالتەشەرنى تاشلاب كيتشكە مەجبور بوغان.

خيتايلانڭ ايككنچى كيلشى.

خيتايلا كەتكەندن كيين، ئالتەشەرلكلە ئوز باشلريغا باداشتا باشليغان لەيكن، بو ياشاش اوزاقغا باماسدن. كۆچمەن خەلقلە هۆجوم ياساب ئاراملق بەميگەن. خيتايلا

*) سابرجان بۆرادەرنڭ بو مەقالەسى "تەريخى ماتيريال" اونيدا كوگزيلدى. آلتيشەر ئيداريسيدا بوغان اوزگوروشلەدن بومەقالە خام بوسيما توغرى ماتيريالانى بيريدو. سابرجان بۆرادەرنڭ بويازميسى كەلگوسى كوڭلدە يازلمقچى "ئويغوريستان تەريخى" گە خيلى ماتيريال بيرەلەيدو. شو اوميد بلەن باسيمز "ئيدارە".

هەم ئالتە شەردن بیلکوللی ئومیدلرینی ئوزمەی. شوڭا هازرلق ئوچۈن ٤ـنچی
خیتای ماناخلری (رامبلری) هندستانغا ئوتۈشیدە. ئالتە شەرلـکلەگە بوددی دینی
قیتب کەتـکەن. بو واقلاردا کوچمنلەنڭ ئالتە شەرگە هوجوملری کۈچەیب، تامام ئامز
ئیقتیسادی، مەعنەوی کوب بزلـگونلوکلەنی یاسیغاناقدن، زور برهۈکۈمەتنڭ هیمایه
سیغنمای توروب، کۈچمەنخلقلەنڭ هوجومیدن ئوزلرینی ساقلاب قیلش مۈمکون بو
شونوڭ ئوچۈن ئالتە شەرلـکلە خیتایلاغا مورا جیئەت قلب کـۈچمەنلەنڭ هۈجوم
ساقلاشنی ئوتونـگەن. خیتایلا بو ئوتنوچنی قوبول کۈروب، ۷ نچی ئەسردە توپ ـ
خیتای ئیمپراتوری «تاڭ خان» زامانەسیدە ئالتە شەر یەنە ئیشغال ئیتلیدو.
بوسەپەر ئالتەشەرلـکلە ئوزلری چاترغان ئوچۈنمو، قاتتیق اق کۈسەتمیگەن. هەم ئیلق ـ
مەجبوری کشی ئیلش پۈتۈنلەی بوموغان.

مەهەللی وە میللی موختارییەت بەگەن. ئالتەشەردە نیگزلەنمەك ئوچۈن باش
یول توتقان. ئیدارە ئشلریدە خیتای اوسولن کرتش. شەرلەگە خیتایچە ئاتلانی قو
هەم ٤ نچی ئەسردە تاقالغان بوددیزەملـکنی نیگزلەشـکە ترشقان. ئـاما، خیتای
سەپەر قانچە ئەساسلق نیگزلەنـیما، اوزاق یاشاماسدن، تیبەت پتنەلری چقش س
ئالتەشەرنی تاشلاب کیتشکە مەجبور بوغان.

ئالتەشەرگە ئەرەبلەنڭ کیلشی.

خیتای زولمیدن قۈتۈلوب ئوز بیشیغا قاغان ئالتەشەرلـکلە تب ـ تش یاشیغا
زاماندا، ۸ نچی ئەسر باشلریدا، پەرغانە ئارقیلق ئەمیر قوتەیبە قوماندانسیدە ئ
کیلب چققان. بوددیزەمنی قوبول قلمای قاغان ئالتەشەرلـکلە، ئسلامیەتنی قوبول ئ
باشلیغان. لەیکن، ئەرەبلە اوزون تورمـدن قایتب کەتـکەن.

تیبەتلـکلەنڭ کیلشی.

۸ نچی ئەسرنڭ کیینـکی ییرمیدە خیتایلا بلەن سوقوشوب غالب کەگەن تیب
ئالتەشەرنی هەم ئیشغال ئیتیدو. او واقتا، ئالتەشەرلـکلەنڭ بر ئازی ئسلام د
بر ئازی خرستیان (ئیسەوی) دینیدە، کۈبچیلك بوددا دینیدە ئیدی. بوددیلقلا
موسولمانلا ئاریسیدا دینی کورەشلە پەیدا بولوب، براق، بوددیلەدە میللی هس
کۈچلۈك بوغان ئوچۈن، هەر کم بر کیلب ئالتەشەرنی بۈلۈشکە باشلاش بلەن،
ئالتەشەرلـکلەدە میللی هیتسیات قوزغولوب ـ ئیناقلیشب. ۹ نچی ئەسرنڭ ک
ییرمیدە ئالتەشەردن تیبەتلـکلەنی هایداشقا مووافپەقییەت تاپقان.

ئالتەشەرنی قارلقلانڭ ئیشغالی.

غەربی تۈرکستاندا هۈکۈم سۈرگەن خیتایلا، دۈشمەنلری تیبەتلـکلە

...، ئالتەشەرگە كەمەك بوسوما، داخيلى پتنەلە هەم تۆرۆك-ماغول هۆجۆمى مانيع ... لدى. لەيكن، اويغورلا هامان تش بولاماسدن، ئوز ئارا دينى كۆرەشلە بوب توغان. ... لانك كۆرەش دەوريلريدە قارلق تۆركلارى كژچەيب، پۆتون ئالتەشەرنى ١١ نچى ... سردە ئيشغال ئەتكەن.

قارا خيتايلانك كيلشى.

١١ نچى ئەسرنك كينكى يېرميدە ماغوللانك برقيسمى كۆچەيب، كيتب، كورخان» ئيدارەسيدە قارلقلانى هايداب ئالتەشەرنى ئالودو. قارا خيتايلا بونوك لەنلا قاماى غەربى تۆركستاننى هەم ئۆزلاريگە قاراتقان.

چيڭگزنك ئالتەشەرنى ئيشغالى.

١٣ نچى ئەسرنك باشلريدا بيگى ماغول هۆكومدارى چيڭگزخان غالبيەتى باشلينب، ... زتۆن دونيانى دورسوالەتكەن چيڭگزدن ئالتەشار هەم قوتولامايدو. او واختا، اويغورلا ... مانلريغا «ايديقوت» دەيدىكەن. ئالتەشەر خانى كۆچلوك چيڭگز خانغا ئەلچى ئەوەتب سوقوشماسدن بەيئەت بەگەن. شو واختا ٨ نچى ئەسردە باشلانغان بوددى، ئسلامييەت كۆرەشى بەك مەككەم داوام ئەتكەن دەور بولوب، بوددىلا موسولمانلانى قسيديكەن. ئالتەشەرنى ئيشغال ئەتكەن «چەپنويەن» هورريەت دينيە بيرب، دينى كۆرەشلەگە خاتيمە ... شيە بيرالگەن.

تۆمۆرلەنگنك كيلشى.

چيڭگزدن كيين، ئالتەشەر چيڭگزنك چوك اوغلى چاغاتاى اولوشيغە تيگب، ئالتەشەردە چاغاتاى باللرى توغرى. بر يوز اوتتوز ژيل هۆكوم سۆرگەن. ١٤ نچى ئەسرنك كينكى يېرميدە چاغاتايلىلادن توغلوق تۆمۆر ئسلامنى قوبول قلب، كيين پۆتون ئالتەشەر كۆللەن موسولمان بولوب بوددى. ئسلام تاليشى پۆتكەن. باش دين ئسلام دينى بولوب، بوددىلە بيكلگەن. چاغاتاى نەبيرەلرى پاچە-پاچە بۆلەكلەگە بۆلنوب، ئۆز ئارا دايم سوقوشوب توغانلەدن. ئالتەشەر خلقى چيڭگزدەك تەدبيرلك بر كشينك كيرەك ئيكەنلگينى هس قلب توغان زاماندا. تۆمۆرلەنك كيلب چقيدو. تۆمۆرلەنك ئەمليەتينى كيگەيتب، ماغوللا بلەن سوقوشوب قليتيشيدا. ئۆزى بر پرقە ئەسكەرى بلەن سەمەرقەندكە پەرغانە ئيشب قليتماقچى بولوب، ١٥ نچى ئەسردە ئالتەشەرنى بيسب ئونودو. شونوك بلەن ئالتەشەر تۆمۆر مەمليكەتينك بر ويلايەتى بولوب تۆمۆر چاغاتايلىلادن ئەمير قويوب قايتب كيتيدو. تۆمۆردن كيين، باللرى ئالتەشەرنى ئاتا ميراسى دەب پزتۆلەى پەلەمكچى بولودو. لەيكن، چاغاتايلىلا ئالتەشەرنى بزنك كى ... ب تۆمۆر باللرى بلەن سوقوشوب، ئالتەشەرنى ١٤٢٠ نچى ژيلى قايتوروب ئالودو.

آلته شەردە مەزھەب كۆرەشلرى.

ماغاتايلقلا تەختيلرىنى قايتورۇب ئاخان بلەن، ئالتە شەرنى بورونقى هالەتيگە
ميدى. سەوەوى: ئوزلۇكسز ئچكى هەم تاشقى سرقوشلا. بونڭ ئوستيگە ١٦-نچى
باشلريدا پەيدا برغان مەزھەب سوقوشلرى، هامان خيتاى،قالماق تەسەللۇتيدن قو
ئمكان بەميدى.

مەزھەب سوقوشلرينڭ باش تاريخى موندداق: ١٥ نچى ئەسرنڭ ييرميدە بر
«مەخدوم ئەزەم» ديگەن برخوجا كيلدو. ئۆزلۈكسز سوقوشلا بولوب توغان س
ئالتە شەرلكلەگە ماددى، مەعنەوى نەمينلك بەك كيرەك واختا كيلب چققان ب
بەك هۆرمەت بلەن قوبول ئيتليدو. بو زات، ئالتە شەرلكلەگە نەهايەت كۆب كارا
كۆسۆتوب، ئوز مەسلەكينى تامام تاقيتب بر كۆنى ئولۆدو. خوجادن كيين ئيمام
ئسهاق وەلى، ديگەن ئيككى اوغلى قالودو. بو اوغوللا ئاتيسيدن كيين خوجالق
بينى تاليشب، ئالتە شەر خەلقينى ئيككيگە ئايريدو. نەتيجەدە ييرمى سەياسى، ب
دينى ئيككى مەزھەب پەيدا بولوب: ئيمام كالان مەزھەبى ،،ئەشقيا،، ئسميدە،
وەلينڭ ،،ئسهاقيە،، ئسميدە بولودو. ئەشقيا تەرەپدارلرى ،،ئاق توغ،، ، ئسهاقيە نەر
لرى ،،قارا توغ،، كۆتۆرۆب، كيين ئاق توغلوق (ئاق تاغلق) ، قارا توغلوق (قارا تاغل
ئو رۆلۆب سوقوشودو.

ئەلهاسل بو، دينى بوياق ئاستيدا بوغان مەزھەب كۆرەشى، بر نەچچە ئەسر
سوزولوب، بر توقان ئالتە شەر اويغور باللرى، دينى مەزھەب كاساپەتيدن ئاق نو
قارا توغلوقا بۆلنۆب بربرسينى ئولتۆرۆشكەن ئيدى.

غالدان پۆچۆقنڭ ئالتەشەرگە كيلشى.

١٨ نچى ئەسرنڭ كيينكى ييرميدە موشو كەمدە قاشقالقلانڭ ئاغزيدا هەرواخ
قلنب ژۆگەن ئاق توغلوقلادن، «ئاپپاق»خوجا ديگەن كشى پەيدا بولودو. بوهەربب
هەم خان بوغوسى كيلب، ئالتەشەرنڭ تەختينى ئاماق مەقسەدى بلەن، قارا توغلو
يەكمەك ئۆچۆن، مۆسولمانچلغينى بر ياققا قارب قويوب. قالماق خانى، «غالدان پۆ
موراجيئەت قلب ياردەم سورايدو. اوواختيكى قالماقلا «اويرات» ناميدە بولوب، جو
بلەن يەتتە سوغا مالك ئيدى. ١٧ نچى ئەسرنڭ ئەخيريدە بو قالماقلا كۆچ
كيتب، تانغوت بلەن تيبەتنى هەم ئوزلريگە قاراتقان.

ئاپپاق خوجا، موسولمان اويغورلانڭ دينى رەهبەرى، ئيسلام دينيدكى
خوجا بوسوما، ئۆزينڭ شەخسى راهەتى ئۆچۆن، او، پۆتۆن اويغورلانى
تەيبەردى. ئاپپاق خوجا غالداندن ياردەم ئاماق ئۆچۆن، ئاوال تيبەت

... ئۆلۈپ، شونىڭ ئارقىلىق غالدان پوچوقنىڭ ياردەمىنى سورىغان ئىدى. غالدان ... دالاي لامەدن ئاپپاق خوجىغا ياردەم بىرىش تەكلىپىنى ئاغاندىن كىيىن، ١٦٧٣ - ژىلى ... شەرگە بىرىب ئاپپاق خوجانى تەختكە اولتوغوزوب كەتكەن.

... ئاپپاق خوجادىن كىيىن، اوغوللىرى ئارىسىدا مەنسەب تالىشى چقب، بو پۆرسەتنى ... قىيمەت بىلگەن قارا توغلوق خوجىلا، دۈشمەنلىرى بوغان ئـاق توغلوق خوجىلانى ... يىكب، ١٧٢٠ ژىلى تەختىنى قايتوروب ئاغان.

بو واقىتا، غالدان پوچوقنىڭ اونىغا قاغان «ساوان خان» قارا توغلوق خوجىلانى ئالتەشەر تەختىگە تەسدىق قلىدو، شوندىن كىيىن، قارا توغلوقلا ھەر شەرگە ئۆزلىرىدىن ھاكىملانى قويىدو. مانا، شو كۈندىن ئىغتىبارەن، اويغورستانغا «ئالتەشەر» دەب ئات قويولغان.

خىتايلانىڭ جونغارىيەگە كىلىشى.

ئالتەشەرلىكلە ئۆز ئارا سوقوشوب ياتقاندا، خىتايلا مانجو سولالاى تەختىدە كۆچەيىب، بورنقى يوقاتقان موستەملىكەلىرىنى قايتوروب ئىلشقا اويلاتدى. بونوڭ ئۈچۈن قورقونچىلىق بوغان جونغارىيەنى باشلاب بترىش لازىم ئىدى.

خىتايلا، ١٨ نچى ئەسرنىڭ ئەخىرىدە ئالتەشەر بلەن جونغارىيەگە ئاياق بىيسىشنىڭ باشلانغوچى قلب قومول (خامى) بلەن تورپاننى ئىشغال ئىتب، ١٧١٢-١٧ نچى ژىللىرى قاراشەگە كەلدى.

بو واقىتا، جونغارىيەدە داخىلى (ئچكى) پتنەلە باشلانغان سەبەبلىك، غالدان بوچوقنىڭ نەسلى تۆگەب، قالماق بەگلىرىنىڭ ئارىسىدا ھەر كىم ئۆزى خان بولوشقا تالاشلا باردى.

جونغارىيەگە خان بوغوسى كەلگەن قالماق چوڭلىرىدىن «ئەمىر سانا» دىگەن بىركىشى ئچكى پتنەلەدىن پايدىلىنب، ١٧٥٤ نچى ژىلى خىتايلانى چاقرب ئەلچى ئەوەتدى. بولا كىلىش بلەن، تەييا توغان خىتايلا دەررو كىلب جونغارىيەنى ئىشغال قلدى. غالدان پوچوق زامانىسىدىن بىرى، جونغارىيەگە بەيئەت بەگەن ئالتەشەرلىكلە، جونغارىيەدىكى بو ئىنقىلابنى غەنىمەت بلب، ئالتەشەرنى پۈتۈنلەي موستەقىل قلماقچى بولدى.

ئەمىر سانا بونى سىزب قارا توغلوقلاغا قارشى، ئاق توغلوقلانى قوتورتقاندا، ئاق توغلوق خوجىلادىن بورھانىدىن ھەم خان خوجا دىگەنلە، قـارا توغلوقلانى يىگب پۈتۈنلەي ئايرىم ھالدە ئالتەشەرگە خان بولدى. لىكىن، بو موستەقىللىك اوزاققا باماسدىن، ... ئەمىر سانانىڭ ئۆزى قچقرب كەلتوگەن خىتايلانى يىگىشى سەبەبلىك، ... ئالتەشەرگە ھەم كاساپىتى يەگدى.

خىتاي ئەمپراتورى «چاڭ - لوڭ - خان» بو خىيانەتكە قارشى ئاچچقلىنب، جونغارىيەگە ... كۆچلۈك ئەسكەر يىبەرگەن. خىتايلانىڭ بو ھەرا پرقالىرى قارا بولوتدەك كىلب، جونغارىيەنى

باسقاندا، ئەمیرسانا سیبیریەگە قاچقان. خیتایلا رەھیمسز سۈرەتدە كۆرونگەن تالا
ئۆلتۈرۈب. مەتتا خوتون - بالا چاقالرینی ئاییماسدىن میلیوندن اوشوق قالماقلانی
قلغان. موشو واقیئەدن کیین جونغاریەدە ئۆمۈر بویی قوزغالماسلق بر هالغا
خیتایلانڭ موستەملیکەسی بولوب قاغان. واقتی بلەن پۈتۈن شەرقنی یاڭغیرانقان
مەرکەزی - جونغاریەدە ئیمپراتورلغی، خیتایلانڭ ،،ایلی‘‘ ئسمیدە بر ویلایەتی بولوبلا

خیتایلا ئالتەشەرلکلەنی کۈچورۈب ،،تاران‘‘ یاساشلری.

خیتایلا میلادنڭ برنچی ئەسریدە جونغاریە بلەن ئالتەشەرنی (اویغورستا
«یول» دەب ئاتایدیکەن. بولادن ئاووالقیسی تیانشان تاغلرینڭ شمالیدە بوغانلقدن
"پەلو» (تۈن یاق یول) ئیکنچیسی تیانشاننڭ جەنۇبیدە بوغانلقدن «نان
(كۈن یاق یول) دەب ئاتیغان. ئاما، تۈرۆك باللری جونغاریەنی «بەش بالق» (بەش
ئالتەشەرنی "ئالتە بالق» (ئالتە شەر) دەب ئاتایدیغان بوغان.

تۈرۆك ئیلینڭ جونغاریەغە خوشنە یەرلرینی تۈروکلە "چەتە» (چەك) دەب ژۈرو
بەش بالققا ئیگە بوغان مللەت، موتلەق چەتە گەھەم ئیگە بولۇ دیکەنمش، ۱۷۵۷
ژیلی قاچقان ئەمیر سانانڭ ئاغیسی خیتایلادن ئۆچ ئاماق بولوب، ئالتەشەرگە
خیتایلاغا قارشی خوجیلانی قوتورتقان. یەنە بر ریوایەتکە قاریغاندا: اورونلریدن
قارا توغلوق خوجیلا، مەنسەبکە مینش خییالی بلەن خیتایلانی ئۆزلری چاقرب كەلتوگە

هەر هالدا، خیتایلا تۈن یاق، كۈن یاق سەیا سەتیگە بینا قلب، ۱۷۵۹ نچی
ئالتەشەرگە کیلب، بر ئاز سوقوشقاندن کیین، یاکەن هەم خوتەننی. ئشغال قلغاند
توغلوق خوجیلا قاچقان. باشقا شەھە سوقوشسز خیتایلاغا بیرلگەن. خوتەن سوفو
بورهانیدین خوجا شەهیت بوغان. ئینیسی بدەخشانغا قاچقان. خیتایلا کیلیدیغان
خوجیلانڭ پتنەلریدن قوتولوش ئۆچۈن خوتەن خانیدن خان خوجانڭ یوق قلنشن
قلغان سەبەبلك، اوهەم شەهیت قلنغان.

موندین کیین، خیتایلا ئالتە شەرلکلەگە هۆررییەت دینییە بیرب، اوندن بر
سیلق اوسولی چقاغان. هوقوقی (گرازدانسکی) ئشلادا هاکیملانی موسولما
قویوب، هەربی ئشلا خیتایلانڭ قولیدا بوغان. کیلیدیغان واقتا، خوجیلانڭ پتنە
تش بوماق ئۆچۈن، سوقوشقا ئشتراك قلشلرن بانە قلب توپ توغری ۱۷۶۰ نچی
کاشغەر، کوچا، ئاقسو، یاکەن، توربان، قومول شەرلریدن ئالتە مڭ ئائیلە لوپ
مەجبوری سورەتدە ایلیگە كۈچۈگەن. بولا قرق مڭ مانجولانی تویدوروشقا
بولوب. قالماقچە "تارانچی» *) ئیسمی بیریلگەن.

*) تارانچی - دیهقانچی دیگەن بولودو.

ئۈچ توربان واقيئەسى.

خيتايلا ئالته شەرلكلەنك بر قسمینی کۆچرۆش بلەنلا تش بولامیدی. خیتای
یاکیملرینك یەرلك خەلقنی قسشلری، پاره خورلوق بلەنلا ئش ژۆرتۆشلری
بولوبلا يغورلانی تیخیما قوزغولوشقا مەجبور ئەتدی. ۱۷٦۵ نچی ژیلی ئوچ توربان
سکەمبەغەللری قوزغولوب، ئوزلرینك ئستقلالییەتی ئوچۆن خیتایلاغا قارشی تودی.
ونكغا خیتایلا اون ملك مانجو ئەسكەری ئەوەتب ئۈچ توربانلقلانی پۆتۆنلەی قەتلی
لم قلدودی. کیین کۆچلۆك گارنیزون قویوب، شەر بوش قاموسون دەب: خوتەن،
اقسو. یاکەن شەرلریدن بر نەچچه یوز ئائیلەنی مەجبوری سورەتده کۆچروب کیلب،
سیپللەنی یاساشقا. دیهقانچیلق قلشقا مەجبور قلدی. بو واقیئەدە خەیبخاه بوغان
اشقا شەلەنی هەم خیلی قەتلی قلدوروب، ۱۸۲۵ نچی ژیلغیچه تشلق اورناشتودی.

خيتايلا اولوغ يوز (جۆز) دە.

خیتایلا جونغاریيه بلەن ئالەشەرنی ئیلب، یەتته سودیکی قازاق - قرغزلانك هۆجۆمیدن
یمین بوماق ئوچۆن، ۱۷۵٦-٦۰ نچی ژیللری اولوغ یوز (جۆز)قازاق سەهرالریغه
سەپەر قلب. بویه دیکی قازاق خانلرینی هەم ئۆزیگه قاراتقاندا، خوقەن خانلری‌ما ئوزلرینی
خیتای هیمایەسیدە دەب بلگەن. خیتایلانك بوکۆچه یشلریدن قوقان بوخارا، تاشکەنت
موسولمانلری‌ئاریسیدا. خیتایلا پۆتون غەربی تۆرکۆستاننی ئاغیدە کمش دیگەن‌خەبەر چقاندا،
موسولمانلانك دینی هسلری قوزغولوب، ئاوغانستان بلەن‌برکب ۱۷٦۳ نچی ژیلی جیهات
ئیئلان قلغان بوسوما، کیین قایسی سەبەب بلەن ئیکەن، بوئش توختولوب قاغان. بو ئشقا
تەییاتوغان ئاوغان ئەسکەرلری، ئاق توغلوق خوجیلانی ئولتوگەنلکلری ئوچۆن، بەدەخشا
ئنلقلاغا جازا بیرب قایتب کەتکەن.

جاهانگرخان، ئومەرخان.

خیتایلا ئوچ توربان قەتلی ئامیدن کیین، یەرلك خەلقنی نەهایەت ئاچچقلاندوغان
ئیدی. پۆرسەتنی کۆتوبلا توغان اویغورلا، ۱۸۱٦ نچی ژیلی «تاش مەللە» دیگەن
یەدە زیبا ئیدن دیگەن بر ئامون چقب خیتایلاغا جیهات ئیئلان قلیدو. نەتیجەدە ئامون
ئولتۆرلوب، تەرەپدارلری یوق قلنغاندن کیین،دایم چقب توغان بوپاچه ئیختلاللا خیتایلانی
تامام آراسالدا قلب، موستەملیکه سەیاسەتی اونیغا زیبان کەلتۆرودو. خیتایلا بو ئیختلاللانك
ئۆوینی خوقەنغە قاچقان بورهانیدن خوجا، هان خوجا توخوملریدن کۆروب، بولانك
کیلیدیغان واقتا. آلتەشەردە تەشویقات یاساشلرینی یوق قلماق ئۆچۆن، خوقەن خانی

ئۆمەرخان بىلەن سۆزلۈشۈپ، خوجىلانى ئالتەشەرگە چاقىرماسلىققا شەرتنامە ياساپ،
بەرابىرىگە ھەر يىلىدا تۆمۈر خانغا زىگرمەملك ئالتۇن بەمەك بوغان. ئۆمەر خان ئا
ئىلىپ شەرتنامە (دوگوۋور) بويىچە خوجىلانى چاقىمىغان سەبەبلىك، ئالتەشەردە ب
تىنچلىق ئورنىتىشقان.

لېكىن، ئۆمەرخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئىشلا تېخى مائۆز گوروپ، خوجىلا يەنە تەش
ئىشلىرىگە كىرىشىپ، بورھانىدىن نەسلىدىن جاھانگىر خان دىگەن خوجا، تىيانشان قىرغ
خوقەندلىك ھەم تاجىكلاردىن ئىبارەت ئەسكەر تۈزەپ، ١٨٢٦ نچى يىلى ئالتەشەرگە
ئالتەشەرنىڭ شىمالى، جەنۇبى ياقلىرى بىلەن ئۆزىگە قارىتىپ ئالغاندا، خىتايلا قاچ
كېيىن خىتايلا ھىلەگە كىرىشىپ، ئالتەشەرنىڭ چوڭلىرىنى مەنسەپ بىلەن قىزىقتۇر
جاھانگىر خان غەپلەتتە ۋاقتىدا، ١٨٢٧ نچى يىلى قاشقانى بېسىپ كىرگەن، جاھا
خان قاچقان. مەنسەپكە سېتىلغان ھەرىپلە بونى تۇتۇپ بەرگەن سەبەبلىك، خىتايلا تەر
تەرەپدارلىرى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

بوندىن كېيىن، خىتايلا بەك قاتتىق ئىدارە ئوسۇلى كىرىپ ھەم كۆزەتلەنى كۆپ
تۈرىلە رىشوەتكە سېتىلموسۇن ئۈچۈن، كۆپ ۋەزىپەلەنى بەلگىلەپ، خوجىلا پىتنە
ئامان بوماق نىيەتى بىلەن، خوقەن خانىغە ئەلچىلەنى ئەۋەتكەن. لەيكىن، خوقەن
تەرەپىدىن بونوڭغا رەد جاۋاب ئىلىنغان جەھەتدىن، خىتايلا ئاچچىق قىلىپ سودا موناسىب
كەسكەن. بو ئىشقا خوقەن خانى مەدەمىن خان نارازىلىق بىلدۈرۈپ خىتايلاغا س
ئىئلان قىلىپ، ١٨٣٠ نچى يىلى، مەت يۇسۇپ خوجىنى ئەسكەر باشلىغى تايىنلاپ، فر
ئەسكەر بىلەن ئالتەشەرنى ئىشغال قىلغان.

خىتايلاما تىش ياتماسدىن، بوخارانى خوقەن ئۈستىگە قوتورتقانلىقدىن، مەدەمىن
بو ئىشدىن خەبەر ئىلىپ، ئالتەشەردىكى ئەسكەرنى قايتۇرۇپ ئىلىپ، يۇسۇپ
يارى دەمسىز قاغاندا، خىتايلا ئالتەشەرنى باسقان ئۈچۈن، يۇسۇپ خوجا ھەم خىتا
قوقغان يۈز مىڭلەپ ئاق توغلوقلا، يۇسۇپ خوجا بىلەن بىللە پەرغانىگە قاچقان.

بوندىن كېيىن، خىتايلا خوقەن بىلەن سۈلھى يولىنى تۇتۇپ، خوجىلانى ئالتەش
چاقماسلىق شەرتى بىلەن كېلىشىش ياسالغان.

كېلىشىش بونداق: «خوقەندلىكلەگە ئالتەشەرگە چەتدىن كىرگەن ماللادىن باژ ئ
ئاقساقاللانى قويۇش ھوقوقىغە مالىك بولۇش، ھاسىلى، خىتايلا ئالتەشەرگە ئىگە بو
ئالتەشەرنىڭ پۈتۈن بايلىقلىرىنى خوقەنغە ئىلىپ چىقىشغە مالىك بولۇش» دىگەن مەزمۇندا ئ

يەنتە خوجا ۋاقىئەسى.

مەدەمىن ئۆلگەندىن كېيىن. خوجىلا كۆچەيىپ، ١٨٤٧ نچى يىلى «يەنتە خوجىلا»
ئالتەشەرنى ئاسىما، لەيكىن، بوخوجىلا خەلقنى نەھايەت قىسقان سەبەبلىك، بو يور

لب خیتایلا یەنە ئالتەشەرنی ئاغان. خوجیلا پۈتۈن قاشقار بایلیغینی سپرب. تەرەپدارلری
للەن ژیگرمە مڭ ئائیلە بولوب پەرغانیگە قاچقان.

براق. ..تیرەك داوان،، تاغیدە كۆپسی قریلب. قاچقون خوجیلا ۱۸۵۵-۱۸۵۷ نچی ژیللری
باڭلیباشدن قوزغولوب. وەلی خان تۆرە دیگەن قاشقانی ئاغان. لەیكن. كۆب كشینی
ئولتۆگەن ئوچۈن. نەتیجەدە خەلق خوجیلادن تامام بەرگەن سەبەبلك. خیتایلا یەنە قاشقانی
ئاماق بولوب كەگەندە. وەلی خان خوجا قاچقان. خیتایلا قاشقانی ئیلب خەلقنی وەلی
خان خوجیدن هەم ئاتوق جەبرلیگەن.

موشو یەتتە خوجا واقیئەسی. اون ژیل ئیچیدە تالای اویغورلانی یوق قلب. ئەلهاسیل.
قاشقارستاننی تامام بۆلگۈنلككە دوچار قلیدو.

خیتایلا خوجیلا واقیئەسی تەكرارلانماسون ئوچۈن خوقەندلقلا بلەن. ۱۸۳۱ نچی ژیلی
موئاهەدەلرینی یاكارتقان.

بوزروك خان - یاقوب بەگ.

خیتایلا تامام تشلینب بوموغاندا. ۱۸۶۲ نچی ژیلی یوننان وبلایەتیدە توڭگانلانڭ
قوزغولیشی پەیدا بولودو. بو یالقون تیز واقتدا پۈتۈن جونغاریيە - ئالتەشەرنی قاپلاپ
ئالودو. بو سەپەر قوزغولوش كوچیدن باشلینب. راشیدن خوجا خەلقلەنی غەزاتقا
ئوندیگەندە. خیتای ئەسكەری رەتیدیكی توڭگانلا بونوڭغا قوشولودو.

خوقەندە مۇللا هەبیبوللا دیگەن قوزغالماندا. باشقا شەلەنڭ هاكیملریدن هەم،
ئورلری خان بولوشقا قوزغالغانلا پەیدا بولودو.

خوقەن هۆكۈمیتی بو ئیختلالدن پایدیلینب ئولتۆرۈلمش جاهانگیر خانڭ اوغلی بوزروك
خاننی بر میقدار ئەسكەر بلەن ئالتەشەرگە یبەرگەن. بوزروك خان هیچ مانیعسز
ئالتەشەرنی ئیشغال قلغاندا. خەلق خوجام كەلدی دەب قارشی ئاغان.

خوقەن هۆكۈمیتی بوزروككە ئەسكەر باشلغی قلب. مەشهور یاقوب بەگنی قوشوب
بەگەن. یاقوب بەگ ئیقتلق - زیرەك. بوزروك خان بونڭ ئەكسیچە خوجا بولوب، ئیدارە
ئشیدن خەبەرسز بوغان ئوچۈن. پۈتۈن ئش یاقوب بەگ قاراماغیدا ئیدی.

هیلە كار یاقوب بەگ بو پۇرسەتنی غەنیمەت بلب پۈتۈن ئەسكەر باشلقلرینی ئوزیگە
جەلب قلب. بوزروك خاننی خوقەنغە ئەوەتكەن. شونڭ بلەن ئوزی توپ - توغری.
۱۸۶۷ نچی ژیلی بەدەولەت نامی بلەن ئالتەشەرگە خان بوغان. یاقوب بەگ ئالتەشەرنی داخیلی
پتنەلەدن تازارتب. ئەسكەر اشلرینی ئسلاح قلشقا كرشكەن. تۆركیەدن موتەللیملەنی
ئالدوتوب ئشلرینی یولغا سالغان. سوقوش قورالری یاسانقان. خوشنا مەملیكەتلە بلەن
وناسیبەت یاساب، هەم ئانگلیە. روسیە. تۆركیەگە ئەلچیلەنی ئەوەتب ئوزینڭ مانلیغینی

تەسدیق قلدوغان. ھاسیلی، خیتایلارنڭ کیلشینی بلب باخشی ھازرلەنگەن. بایلاغا
کزب سیلب تسقشر آسربغان. ئاما، بایلا یاقوب بەگنڭ بو سیلیقیدن
بوماسدن، کەمەغەللە رازی بوغان.

اویغورستاننڭ تیاڭ کینکی خانی یاقوب بەگنڭ خانلغی توغری ر
توقفور ژیل داوام قلدی. ١٨٧٦ نچی ژیلی، خیتایلاغا قارشی. کورلاغا داغان ب
خیتایلاغا سیتلغان. خوتەن ھاکیمی نیاز بەگنڭ قوتورتوشی بلەن ئوز خادیمی تە
اوغا بیرلب ئولتوروالدی. شونڭ بلەن یاقوب بەگ دەولەتیگە خاتیمە بیرلگەن.

خیتایلا یەنە ئالمە شەرنی ئوزاریگە قاریتب. ھەم شو واختا، جونغاری
ئاغان ئیدی. بەقت ایلیدا توزەلگەن «تاران سولتانلغی»لا روسلا تەرەپیدن
قلنب، خیتایلانڭ قوایغا چوشەی قاغان. اول بەخت ھەم اوزاقا باماسدن،
خیتایلا موئاھەدەسیگە بنائەن، ١٨٨١ نچی ژیلی، ایلی ویلایەتی ھیتایلاغا قایتو
بیرلدی. شو واختا خیتایلاغا قول بولوب قانیسی کەمیگەن قرق یەتتە ملڭ جان
بەتتە سوغا کوچوب چقب، روس ھیمایەسیگە کرگەن.

بولا بەتتە بولوس، ئاتمش ئیککی قشلاقا بولونوب ئالموتا، یارکەنت اوی
اورونلانشقان. ایلیدیکی قاغان تارانلا تیخی خیتایلاغا قول بوماقدا.

بوندین کیین ھەکیم خان تورە ھەم یاقوب بەگنڭ مەھکمە ئشلرینی ژو
ئابدو قادر دیگەنلە، پامر ورغزلریدن ئەسکەر ژیغب، ئالتە شەر ئوستیگە ژ
بوسوما، نەتیجەسز قیلب، روسلانڭ یەنە سونی ئیشغالی، خیتایلانڭ جونغار
مەککەم اورناب قیلشیغا سەوەب بوغان.

سابیرجان شاکیرجان.



تارانچى-توڭگانلارنىڭ يەتتى سوغا (اوروس يېرىگە) كوچوب چىقىشىنىڭ تەرىخى.

اوروس هوكۈمىتى ايلىنى ١٨٧١ نچى يىلى اوزىگە قارىتىب ايلىش بلەن. تارانچى-توڭگانلارنىڭ مۇستەقىل سولتانلىغى يوقتولوب. ١٨٨١ نچى يىلىغىچە اوروس هوكومەتىگە تەوە بولوب. ياشاب كەلگەن. ١٨٨١ نچى يىلى ١٢ نچى پيورالدا، پېتراگرادا. خىتاى بلەن اوروس آراسىدا بولونغان موئاهىدە بويونچە. ايلى ويلايەتى بر مونچە شەرتلە بلەن. خىتايغا قايتارىلىب بېرىلىشكە وە ايلى خەلقىدىن، اوروسقا تەوە بولوشقا اختيار قىلغوچىلا بولسا. اوروس ايلىنى خىتايغا تابشورغونچە وا خىتاى ايلىغا اوز هوكومەتىنى قورغانچە. بر يىلنىڭ اچىدە اوروسقا ئىل بولومەن، دېگەنلەنى اوز يېرىگە كوچروب ايلىشقا كېلىشكەن. هەم خىتاى، ايلىغا تابى بوغان يەرنىڭ ابىدىن. اوروس چەك آراسىغا يقىن بولغان بر مونچە يەلەنى (قورغاس دەرياسى بلەن غالجات آرالغىنى) اوروسغا بەرگەن.

١٨٨١ نچى يىلى ايبون آيىدا ايككى هوكومەت اوتتورسىدا بولغان بو موئاهىدە. گېزىسغا بېسىلىب ئەلگە مەلوم قىلىنغان بولسىما. لكن ايلىنى. خىتايغا تاپشوروش اوچون بەلگىلەنگەن تورە يتىب كەلمىگەنلىگىدىن. ايلى بورونقىدەك داوام قىلىب تورغان. براق، بو خەوەر ايلىدېكى، تارانچى-توڭگانلارغا يىمىب قالغانلىقىدىن. ينە دوشمەنى بولغان خىتاى هوكومەتىنىڭ. ايلىغا قايتىب كەلگەيدە، اوزلەرى اوچون خەتەرلىك بولغانلىقىدىن، ژوت آراسىغا چوڭ تەشۋىش قايغا چوشوب. ايلنىڭ اغېرى ايلىنىڭ تارانچى-توڭگانى بېرلېكىبە، چوڭ. كىچىكىنىڭ مەسلىيى بلەن اوروس ژوتىغا كوچوشكە قەرەل قىلىب. يەتتى سو گېنېرال-گوبېرناتورىغا ژوت نامىدىن ئەرز بولاهان.

تارانچىلانىڭ ئەرزى.

ئەرزىنىڭ مەزمونى تووەندەگىچە: (اوز ايدلاسى بلەن كوچروادى)
ينە سو اوبلوسىنى بىلىب تورغوچى اولوغ جانابلارغا. كوچورى ئالتو، حضرتلارىغە
غولجە شەر صحرالاردېكى فقرالار بلېندوروب توتقان ئەرضى ئىمە
بر مىڭ سكز يوز يتمش النچى يلى اوكتەبرنىڭ ابى برنى الوتوب برص
قىلامىز بز غولجە خلقى سلطان پادشاھى هونان كچك فقرالار راسب كونكى عيد بلە
يتمش برنچى يلدە اولوغ اعظم ابى .. اشا حضرتلرغە قارالب خوشلوق .. ايقانىنىزنى

قلیب توروب ایدوك غولجه شهرینی خطای‌غا بریب‌دور دیکان سوزنی ایشتیب بز
ایچیمیزغه تولا قورقونچ توشوب اندیشه‌که قالدوق ممکن بولسه
اولوق اعظم آق پادشاه حضرتیمزغه قاراب تورساق قای‌تیب خطای‌غه قرای دورغا
راضی‌لیقمز یوق دیب اولوغ مرحمتیکزدین اوتونوب عرض‌نامه قیلیب جونك کچك
اتفاقی بله مهریمزنی باستوق
باسلغان مهریله‌ر:
بو ئه‌رزگه ساپ بولوس قاریلادن ٢٤ کشینك مهریسی بیسلغان. مهریله‌نك
مونچه‌سینی آیریب آلشقا مومکون بولمیسا هه‌م آرادا تووه‌ندیکی آتلا با: «یوقاقی لوس
ابا بکری بولوس ابن...» «اوزی بولوس سوپی نیاز» «زکریا بولوس بن توخته مح
«بولوس بهك بن نوبر» «تووه‌نکی اوسته‌ك ملا عبدالاحد بولوس بن...» محمد علی بن
«مشهور قاضی بن ملا حسین» «مغفور بن اسحاق» «عبد مناف قاضی بن عبدرزاق» «
امری قاضی ابن توخته» «طاهر قاضی بن...» «ناصر قاضی» «ایمین قاضی» «صادیر قاضی» وه‌باشقا

توڭگانلا ته‌رەپیدن بیریلگه‌ن ئه‌رزنڭ کوپیه‌سی

اولوغ عدالتلیك مرحمتلیك کبورنادالاریمزغه
چونك کچیك فقرا تونکانی کمینه‌لاری‌ننیك عرضی حلی بزلار آنکلاساق نورغ
خلایق‌لار بر بری برله سوزلاشیب ایتاشادور ایله شهرینی خطای خانی‌غه یاندار
بریب دوردیب سوز آنکلاب جونك کچیك بارچه خلقیمز خاتون بلالاریمز تولا قورقان
شول سیبب‌دین اولوغ‌دین آنکلاشساق اولوغ‌دین آنکلاب کونکلومیز بر طرف بولسه
جناب لاریغه عرض بولدوق اولوغ راست سوزنی ایتیب بز فقرالارنینك کونکلونی‌خوش‌قیلسه‌ك
باسلغان مهریله‌رنڭ جه‌می تورت دانه بولوب برینڭ آتی «ابن اسحاق»
برینڭ «ابن آیوب» قالغان ایکیسینی آیریب بولمایدور.
بو ایکی ئه‌رز، مه‌خسوس ئه‌لچی آرقیلی گوبیرناتورغا بیریلگه‌ن. یه‌تتی
گوبیرناتوری کالپاکووسکی تورکوستان گینیرال گوبیرناتورینڭ ٢٠ نچی ایبو
به‌رگه‌ن روخسه‌تی بله‌ن: بولارغا کوچوشکه روخسه‌ت قلغان. قیلنغان روخسه‌ت، ژوتقا مه‌لوم بولغان
کیین. تارانچی - توڭگان بیریکیب. اوروس یبریگه چیقیب، یه‌ر - سو کوروب کیل
وا اوی - تام سالش اوچون کیره‌ك بولودوغان. یاغاش، تاشنی جایلاب توروش لا
وه‌کیلله‌ر سایلاب به‌رگه‌ن.
گینیرال کالپاکووسکی ته‌رەپیدن بو کوچمه‌نله اوچون چیله‌ك ده‌ریاسی
یه‌رله بله‌ن ایلی ده‌ریاسینڭ اوڭ قاناتیدیکی یه‌رله‌ر کورسه‌تیلیب، اگه‌رده
اورونلاداکی یه‌رله، یه‌تمه‌سه‌ن وا یاراقسز تاپلسا «چو» ده‌ریاسینڭ
مه‌رکه، هه‌تتا اولیا آتاغیچه یه‌ر ایلشقا مومکونلگینی بلدورگه‌ن. هیلقی

غان وەكيللە، ايلى اوروسقا اوتكەن واقتن بيرى. ايلينك جەنوبى قسميغا ناچالنيك كەلگەن ،،ايزرەوتسوف،، ديگەن پادىشاكارنيك‌نك يولباشچيلغى بلەن ۳ نچى ايپولدا چيقيب ۲۷ نچى ايپولغيچە غالجاتدن قارا پالتاغيچە بيكار يەرلەرنى قاراب، كوروب يەرلەرنى. تارانچى بلەن توڭگانغا يتيدو حسابلاب ايلگرى بارماسدن، قاينقان. نەتيجەدە هەر بر بولوس وەكيللرى كورگەن يەرلەدن، اوز بولوسيغا تووەندەكيچە بلتوب آلغان:

۱) چوڭ آقسو-كچك آقسو وە بايان قازاق يەرليرى وا ايلى دەرياسينڭ قاناتى يقيديكى بر مونچە يەرلە (بورونقى چەك آرا)گە، ۸۳۹ توتون خونخاى وسينى اورونلاشتوروشقا، بەلگيلەنگەن.

۲) چارين دەرياسينڭ تووەنيگە (حازرقى چارين) هەرقايسى بولسدن تيريب يوز توتون جاننى اورونلاشتوروشقا بولغان.

۳) چيلەكنڭ اوڭ قاناتيغا اوچ بولوس (قاش، قابنوق، بوربوغوسون) ۲٤٦۵ توتونگە بيريلگەن.

٤) چيلەك دەرياسينڭ. سوڭ قاناتيغا توت بولوس (تاش اوستەن، آرا اوستەن، تيقاى، آروان) ژوت، ۲٦۹٤ توتونگە بيريلگەن.

۵) آتامقولنڭ تووەنيدن (وەكيللە آووال، تورگون سويينى ياقيلاب توتقان كەن، قيليبدو، اول يەر بيريلمەيدو) هازرگى قاراسو بولوسيغا ۱٦۵۸ توتونگە (نلقالق، فقوز تارالق هەم بر آز شەلك) يەر بيريلگەن.

٦) «چو» دەرياسى بلەن آقسو آراسيغا هەممە توڭگانغا (۱٤۱۰ توتون) هەم ۳۳ توتون شەر توكوروگى وە شەر اچى تارانچيلريغا بيريلگەن. لكن، توڭگانلادن مونچەسى بيرب، قالغانلرى وە اول يەرگە بەلگيلەنگان هەممە تارانچيلا، موشو كونديكى كەنت وە اونوڭ توكوروگيدە اولتوروب قالغان. ژوت وەكيللرى يوقوردىكى يونچە يەرلەرنى قاراب، قايتيب كەتكەن. ئەلبەتتە، اول واقلادا يەتتى سوناڭ يەرينڭ يونى ايلنميغان. وا ياخشى، يامان يەرلەر سولق، سوسز يەرلەر حسابقا ايلنميغانلغيدن. وەكيللە. غالجاتدن قارا پالتاغيچە (۱۰۰۳۰ چاقرم) يەرنى آتلق ۲٤ كونلك اچيدە كوروب چققانلغيدن، يەرنڭ ياخشى وا يامانينى آيدان ايلغاب آلاميغان.

ژوت هەممەسى كوچوشكە غەمليني‌ب تورغان مەزگيليدە ابشكريلدن ايلينى خيتايغا شوروش اوچون تەينلەنگەن كاميسار-تورە ۱۸۸۱ نچى يلينڭ ايپول اوتتوزيندا كيليب. توختالسز ايلينى خيتايغا قايتاريب بەرمەكلكنى توغروسيدا، تەن زوتقا بەرگەن. خيتايلا. تارانچى-توڭگاننى اوروسقا بەرميگەنلىك، آلدانى قيلغيدەك. قيلغيدەك ديگەن. اومەك يارا ئلا بلەن تولا. ئەنيەدە قالغان ژوتنى تنچلانتوروش دە توڭ كوچوشكە اختيارى بارليغينى بلش اوچون، بو كەلگەن تورە ژوت آرالاب چقيب كەتكەن.

نوره ایلینك شمالی وه جهنوبی یاقیدا بوغان ههمه کهنتلهنی آرالاب، خهلقنی
دوروقلاسقا وه ئیلاجی بولسا اوز اورونلریدا قوزغالماسدن قیلیشقا دهملهب
بولسه هم، ليكن ژوت. اوزون-کیسیل قیلیب کوچوشکه تلهگهنلکلرینی بلدور
ئوموماً. کوچمهنلکده بولودوغان بولگونچیلك، پقیرچیلك، وهتهنگه موحهببهت، کو
تاربيعهن يهرلهرده، یهر-سونك کهمچلکی. بولانی توختاتالمیغان. ههم تورهدن، کو
چمش اوچون ایکی یللق میلهت سورالغان. براق، کوچمهنلهنی آووالی بریلنك
(١٨٨٢ نچی یلیغیچه) کوچوروب چقیشقا اویلانغان بولسیما، کوچوش باشلانغان
آهوال قیینلاشیب کتکهنلکی اوچون. اولانك تهلهویدهك بولوب. کوچوش ١٨٨٣
یلینك اونونچی مارتیغاچه سوزولغان.

کامیسار، شهمهرگه قایتیب ئهلاهیده کامیسیه توزوب، کوچوشکه اختیار قیلغان
حیسابینی آلغوزوب. تووهندهکیچه خهلق کوچمهك بولغان:

تارانچیلا	. . . .	١١،٣٦٥ توتون
توڭگانلا	. . . .	١،٣٠٨ »
جهمئی:	. . . .	١٢،٦٧٣ توتون

بولانك اچیدن ٢٠٠٠ اویلوك کشی اوچون گینیرال گوبیرناتورنك ئهمری
اوسلك بلهن قورغاس آراسیدا یهر بیریلیب قالمش ١٠،٦٧٣ توتون اوچون باشقالر
یهر بیر بشکه بولغان.

توڭگانلانك كوچوشی

كوچوش ١٨٨١ نچی یلینك کوزیدن باشلاندی. برنچی نووهتده ١٤ او
توڭگان کوچوب، آلموتاغا کیلیب منلادی. وه بولا بلهن ١٠١ اویلوك تارانچیلا
دیگهندن چیلهککه ییتلیدی. تارانچیلانك آووالراق چقمانلیری ساپ کهمبیغهل
بوغانلغیدن ههم او ژیلداقشنك بالدوراق کیلیشی، بو قشنی قازاق اوییده اونکو
خیلی قیینلق کورگهن.

کوچ، موشونوك بلهن توختالیب، قالغان کوچلهنی، ١٨٨٢ نچی یلینك ئهر
واختیدن باشلاب کوچورمهك بولغان. بو کوچمهنلهنك ههمیسی دیگیدهك اوزو
اورۇق-- تولهکسز بولغانلغیدن. اوبلوس حوکومهت، باشلقلرینك موراجیئهتی
بیورال آیینك اوتتورلریده گینیرال-گوبیرناتور تهرهپیدن چیلهك. تورگون وا
آشلق یغیشقا بویرولغان. بونوك اوچون راسخوت قیلشقا. خیتای بلهن آرادا
موئاهیده بوبونچه. خیتای تهرهپیدن اوروسقا ٩،٠٠٠،٠٠٠ سوم (توققوز میلیون
بیرلمهك بولغان. شو آقچادن، اوبلوس ٤٥٠،٠٠٠ سومینی، غولجه ک

تاشتوروش وە ایرىق-اویمان چیقىریب بیرشکە دەب سورانغان. شو: ٤.١٠٠٠٠ سوم
مانك حسابیدن ١٠٠٠٠ سومی، هیلقی کوچمەنلەگە اوزوق، وا اوروق یغش اوچون
بەرىپ قیلنغان. (لیکن. بو بیریلگەن آقچا کوچمەنلەگە قەرز حسابیدا بیریلیب. هەر
لی سیلق بلەن برگە ژیغیب آلنغان).
شونوڭ بلەن هوکومەت تەرەپیدن. پشپەك اویاریدا ٣.٢٣٥ سوم ١٨ تینغا ٩.٢١٢
پوت آشلق وا آلمونو اویاریدا ٣.٦٣٦ سوم ٦٠ تینغا ١٢.٢٠٢پوت آشلق تەییارلانغان.
کوچمەنلە شو یلینك قشی بلەن کوچوشکە دارلەنگەن. وا قش واقتیدا، چەك
راغا یاقینراق بولغان بولوسلادیکی کوچمەنلە، چانا یولی بلەن وە موزناڭ قاتیشیدن
ایدالیوب، آتلق-تواوکلرینی سیالگەن یەتکوزوب آلغان.
١٨٨٢ نچی یلینك ئەرتە یاز واقتیدا، ایلی دەریاسیغا اوچ. نورت کیمە
اساتلوب کوچمەنلە چیقشقا باشلیغان. هەم آلموتا بلەن ایلی یولینك آراسیدا بولغان
ماریز، چیلەك سولریدن اوتوشکە قیین بولغانلقیدن. مەخسوس کوروکلەر یاسالغان.
١٨٨٢ نچی یلی، ایلك آوال توڭگانلانی کوچروشکە ترشلغان سەوەوی هەم کوچوش
مەسئیلەسی چیقیش بلەن هیتای بلەن ایکی ارتتوردا بولغان دوشمەنلکنڭ قایتیدن
کوچەیب کیتیشنی ایحتیمال بیلیب. هەتتا بولانی چاپچانراق کوچروش توغروسیدا،
اوبلاسدن مەخسوس بر کشی یبەریلیب. شونوڭ امتهادی آرقاسیدا، اوروس بیریگە
٩١٤ عاربا بلەن ٤٨٦ اوی (٢.٤٥١٧ جان) کوچروب چیقارلغان. توخماق اویازیدا (حازر
پشکەك) توڭگانلا اوچون سوقولوق دیگەن بر بلگیلەنگەن.
بو کوچورلوب چققان. توڭگانلانڭ تولاسی. یولنك یراقلغی. وە کەمبیغەلچیلگی
هەم کوبینك سوداگەرچیلك. هونەرمەندلك. ئوموماەن: شەهەر تریکچیلیکیگە کوبرەك مەیلی
بولغانلغیدن. شو یلی کوچورلوب چققان: ١.٣٠٨ توتوندان. پەقەت توخماق اویازیغا
٣٥١٠ توتون جان کیلیب: اونوڭ ایکی یوز توتونی سوقولوققا وا قالغان بر یوز ئەللك
ویی پشکەك شەهریدە قیلیب. شەهەر کەسبیغا کرشکەن.
قالغان ١١٨ توتون آلموتودا، گارادسکوی اوپراوا (شەهەر ایدارەسی) دن یەر-جای
ایلیب، آلموتودا اورونلاشقان.
١٠٠ توتون چیلەك. تورگون آراسیدا تارانچیلا بلەن برگە اورونلاشیب قالغان.
٨٠ توتون شو یلینك بیزیدا، اوسەك بلەن قورغاس آراسیغا اورونلاشقان.
١٨٨٤ نچی یلی کوچنك آلدی. کەینی کیلیب بوتکەنلگیدن، بوتون سوقولوققا ٣١٨
توتون (١.١٦٥١ جان) کوچمەن کەلگەن.
بولانڭ اوستیدیکی بولوس. بورونقی سوبانوڭ بولوسی دادرا آخون دیگەن کشی
بولوب. ١٨٨٣ نچی یلیدا. پادشانڭ آلدیغا توڭگانلادن وەکیل بولوب بیریب. ،،مەدرونج
بیلیسیە،، دیگەن چەننی آلغان ایمش.

پشپك شەهرىگە كوچوب كلگانلەنك جەمئى ٢٠٨ توتون (٦٤٤ جان)
آلموتا " " " ١٤٦ " (٤٩٤ جان)
ياركەنت " " " ٣٢٣ " (١٣٤٧ جان)

پشپك، آلموتا شەهريدە تورغانلانك تركچيلگى كوكچيلك، سوداگەرچ[illegible]
هنرولتچيلك بلەن بولوب. ياركەننك بر قسمى ديهقانچيلق بلەن مەشغول [illegible]
(١٨٨٣ نچى يلى ديهقانچيلقيدا آلغان آشلق ٢٠٢٨١٠ چيتويرك) بولادن باشقا
ويرنيدا تارانچيلا بيلن برگه اولتورغانلانك ئمومى سانى ١٤٢ توتون ـ ٣٢[illegible]
بولوب، تركچيلگى پەقەت ديهقانچيلق بلەن بولغان. حازركى واختا بولادن. قورام بو[illegible]
بولغانلرى اوز آلديغا آيروم قشلاقدا (قزل جيگدە) ياشاب كەلگەن. لكن، [illegible]
بولوسيدا. اوتتورغانلرينك (يسالنابايدا ٨١ توتون. يگى شەهردە ٧ توتون) مە[illegible]
ديگيدەك باشقا يافلاغا تارالب كەتكەندور.

ئومومان. غولجيدن كوچوب چقان توگگانلانك سانى ١٨٨٤ نچى يليدا [illegible]
توتونگە (٤٦٨٢ جان) يەتكەن. (بو حسابقا قاشقار توگگانلرى كرمەيدو).

بريلگەن يارەمنك حسابى:

توخماق اويارديكيلەرگە	٨٢٤١ سوم ٧٨ تين
آلموتا اويارديكيلەرگە	٦٦٨ " ١٠ "
ياركەنت اوچون	٥٠٠ " — —
جەمئى اوچ اويار اوچون:	٩٤٠٩ سوم ٨٨ تين

تارانچيلانك كوچيب چيقيشى.

١٨٨٣ نچى يلى ١٠ نچى مارتدا. ايلى اوروس هوكوميتى تەرەپيدن [illegible]
خيتايغا قايتاريليب بيريليشى، ايكى خيالدا قالغان خەلق اوچون، بو واقيئە چوك [illegible]
قيلغان. خوسوسەن خيتاى ئەسكرينك غولجيغا كيريب كيليشى بيلەن ،،خيتاى هوك[illegible]
قايتودو،، دەپ يغلانغا اورون قالميغانلغيدن. ژوت قايتادينلا يولغا حازرلەنمەككە بل[illegible]
ايلك آياغى. هوكومەت، اول يافقا كوچوب چقانلا اوچون، آشلقنك يوقلغينى [illegible]
ايليب. ١٨٨٢ نچى يلينك كوزيگيچە، غولجينك اوريدە بر مونچە ديهقانچيلق قيل[illegible]
اويلاب. هر بر قشلاقلادن بر خيلى اويلوك آدم قالدورماق بولسا هم خەلق ئەن[illegible]
قاتدەلغيلن. قالشقا كونمەسدن. آخيرى هر بر ژوتنك بولوسليرى وا ايتيبارلق آد[illegible]
آشلق ايليب يوتكەنگيچە توتولوب تورغانلغيدن. خەلق هم آشلق ايليب بولغانچەئران نو[illegible]
براق. ژوت چوكلرينك هەمميسى ديگيدەك بو يەردە قالغانلقى اوچون، كوچوب [illegible]
اوستيگە تەيلەنگەن كشيلەنك آبرويسزراق آدەملەدن بولغانلقيدن، ژوت بولا[illegible]
كرمەسدن خيلى آوارە قيلمش.

برنچی مەرتیبە چەك آراغا یقینراق بولغان خونخای بولوسیدا شو یلینكمارت اوتتورلریدا
کوچ باشلانیب، ۲٦ مارتقیچە، تاینلانغان یگی اورونغا (چوك، کچك آقسو هەم بایان
قاراق یەلیری) باریب، قوشینی هەم هایداب ایریق - اویمانینی توزەتشکە کرشکەن.
آقسو بلەن، کونا ژوتینك آریسی ۷۰ - ۸۰ چاقریملا یەر بولغانلغیدن، شو ژیلی
ایشنك کونی چانا یولی بلەن بیریب، اول یەردە قالغان آشلقلرینی ایلیب کەلگەنلگی
اوچون اوزوق-تولوکدین قسلمیغان.
غولجیدیکی خونخای بولوسی، ۸۳۹ تۈتون بولوب، شونوك ٦٧٥ توتونی کوچوب
چققان. وە بولانك اوستیگە نیلقی - مازار بولوسیدن هەم بر مونچە توتون قوشولوب،
جەمیسی ۱،۲۳٤ توتون (۵،۹۳۳ جان) آدەم بولغان.
اول واقتا هوکومەت بو اوچ اوستەڭنك (ایکی آقسو سویی بلەن بایان قازاق)
سویی بلەن، بونچە ژوتنی کوکلەتشنك مومکون بولمایدیغانلیغینی ایتیبارغا ایلیب،
ساریق دەریاسینك تووەنی، ساری توقاینك توغروسیدن، اوزون تامغا قاراتیب ۳۰ چاقرم
یەرگیچە ایریق ایلیب، ٤۰،۰۰۰ دیسەتکە یقین، یەرگە سو یەتکوزمەك بولوب، ۱۸۸۳نچی ژیلی
کەرتە یاز پەسلی، ساری توقاینك اودولیدن، بورونغی ئەسکی، قالماق اریغینك ازی
بلەن ایریق چاپیب اون ایکی چاقرم یەرگە یەتکوزگەن وا ۱۱،۰۰۰ دیسەت یەرنی
کوکلەتشکە سو بیرەلەیدیغان ایریق توزەتلگەن. لکن، یەرنك تگی شورتاکلق،
بولغانلغیدن، خیتاینك قولیدا واقتا، آلوان - یاساق بلەن بولوب، هورونلیشیب کەتکەن
خەلق، آرتق چاپشقا کونمیگەن. وا بو یەردە آشلق آبدان بولوب قالسا، یەنە آلوان
یاساق بولودو دیگەن اوی بلەن. شو ژیلی، هوکومەت تەرەپیدن، یگی اوستەن
ایلیب کەلگەن یەرگە. ۲٦ دیسەتکیچە ئاشلق تەرگوزۈلگەن. لکن تەرگەن اوروقنی
قوماش قلب چاشقانلغیدن، چقمای قالغان. بونی کوروب، هوکومەت هەم تاشلاغان.

تارانچی - توڭگانلانك اوسەك، قورغاسقا کوچورلوشی

ئاقسو - چارینغا قارانغاندا، ایکی مەرتەم آرتوغراق تارانچیلا اوسەك بلەن قورغاسقا
کوچورناشتورولغان. تارانچیلا بلەن، خیتاینك آریسیدا بولغان دوشمەنلك ایتیبارغا ایلینب،
بو یەرگە پەقەت قازاق اوروسلانی کوچروب کیلشکە اویلانغان. براق، ۱۸۸۱نچی یلی، ایلی
خیتایغا قایتاریلیدو دیگەن، خەوەرنی ایشیتب، تارانچیلانك بر خیلیسی چیقیب، قورغاس بلەن
اوسەکنك آریسیدیکی بوشلوقتا دیهقانچیلق قیلیب وە بر مونچەسی کوچوب چیقیب اورنوشوب
بولغانلغیدن. قایتادن کرچوشکە اونوملیدن، بو یەرنی اوزلاری سورانغان اوچون وە غولجیدیکی
اوروس هوکومەتلرینك مورابیئتی بویونچە، گینیرال گوبیرناتورنك ۱۸۸۲ نچی یلینك ۱۲نچی
ینوار آیدە بەرگەن ئەمری بلەن. بو اورونغا ۱،۵۰۰ اوی تارانچی وە ۵۰۰ اوی
توڭگانلنی اورناشتوروشقا روخسەت بیرلگەن هەم اوسەکنك یقیدا بوروندن، سولانلا
(تانجوچە سلمان) نلك شەرینك اورنیغا، مازرگی یەرکەنت [illegible]، اونوڭغا تارانچی

توگگانلادن بولدی. اوروس پوقراسی سوداگەرلیرینی هەم کوچروب چیقیب شەهەر قیلغان. بولانی کوچروشدن مەخسەت: یەرکەنت چەك آراغا یقین بولوشی سەوەبلك هەر واختا ئەسكەر توتولغانلقیدن بو ئەسكەرنك ریسقوتینی یەتكوزوشكه اوڭای بولسون اوچون. ایکنچیدن یەرکەنتنی ایکی حوکومەت اوتتورسیدا سودا اوچون ئەهمییەتلك بر شەهەر قیلماق بولغان.

بو کوچوب چققان کوچمەنلەنڭ اوستیگە، اوزلری باشقا یاقغا تاینلانیب، براق یولنڭ یراقلقیدن، کەمبیغەلچیلگیدن، اوز جایغا بیتەلمەی قالغان بر مونچه باشقا ژوتنڭ تارانچی-توگگانلری هەم قوشولغان.

۱۸۸۲ نچی یلی ئیون آییدا گینەرال-گوبیرناتورنڭ اوزی کیلیب قاراب، نەچچە ژیللادن بویان بوش بولوب کەلگەن، قوروق-دالانڭ، کوچمەنلە تەرەپیدن اشلەنیب آوات قیلنغانلقینی کوروب، چەك آراغا یقین، قورغاس بوییدن ۵۰۰ اویلوك قازاق اوروسقا چوبلگی بلەن ۳۰۰۰۰ دیسەت یەر قالدوروب، قالغان یەرلرینی تارانچی-توگگانلاغا بیریشقا وا بورون تەیینلەنگەن ۲۰۰۰ اوینڭ اوستیگە یەنە ۱۵۰۰ اوی آلشقا روخسەت قیلغان.

قیلنغان یاردەم

برنچی نووەتدە، غولجینڭ توگورگیدەکی ژوتلادن، کەمبیغەلچیلگی بلەن چیقالمیغانلادن، غولجیغا ۷۰۰ اویلوك کشی یغیلیب قالغانلقیدن. بولانی کوچروب چیقش اوچون، اوسەك، قورغاسدن ۷۰۰ هاروا ایلیب، کریب کوچرلوب چیققان (کراکەشلەر اوچون وەلی بای یولداشوف تەرەپیدن ۳۵۰۰ سوملق مال، یاردەم بیریلگەن). هوکومەت تەرەپیدن یول راسقوتقا دەپ ۴۸۰۰ سوم پول بیریلگەن.

موئاهیدە بویونچه غولجینی (۱۸۸۳) ۱۰ نچی مارتدن قالدورماسدن بوشاتماق بولسیما، لکن، خیتای بلەن آرادا یەنە چاتاق (بو واقلادا، کوچمەنلەنڭ اوز آراسیدن بولاڭ، تالاڭچیلا چیقیب، خیتایغا تولا زەرەر یەتکوزوشی سیوەبلك) چیقیب قالماسون دەب هوکومەت تەرەپیدن غولجینی ۸ نچی مارتغیچه بوشاتشقا، ئەمری بولغانلقیدن کوچمەنلەدن بیور ال آییدە ۵۰۰ اویلوك کوچ چققان.

ئەلوەتتە، آز واقتنڭ اچیدە، کوچمەنلەنڭ کوپویوب کیتیشی، ۱۸۸۲ نچی یلینڭ تیریلغیسینڭ اوکماغانلغی آرقاسیدا، کوچمەنلە آراسیدا، اوزوق-تولوك اوچون، تولا قسنقیلق پەیدا بولغانلقیدن، هوکومەت تەرەپیدن ۲۵۰۰ سوم بر، ایکنچی یەنە ۱۰۵۰۰ سوم، قەرز حسابیدا یاردەم بیریلگەن. ئومومەن، ۱۸۸۳ نچی یلیغیچه بولگەن اویازیغه کوچوب چققان کوچمەنلەنڭ حسابی تووەندەگیچه بولغان:

اوسەك ـ قورغاس آراسیدا.

تارانچیلا . . . . ٢٤٧٩ توتون ٩٤٨٩ جان
توڭگانلا . . . . ٣٣٣ » ١٣٤٧ »
تیریلغان آشلق . . ٣٧٥٧ چیت. وە آلغانی ٤٢٠٧٨ چیت.
آقسو ـ چارین بولوسی . . . . ١١٠٧ توتون ٥٣٤٠ جان
تیریلغاسی . . . ٩٢٠٩ چیتویرت.
كەتمەن بولوسی . . . . . ٧٦٠ توتون ٣٧٨٧ جان
بوتون یاركەنت اویاریدیكی تارانچیلا ٤٣٤٦ اوی ١٨٦١٦ »

تارانچی ـ توڭگانلاغا اوسەك بلەن قورغاسنڭ اوتتورسیدا بولغان، یاخشی یەرلەنڭ هەممیسیگە ئیگیدەك. تیریشقا ایرك بەرگەنلگیدن، قیلنغان دیهقانچیلقلا آبدان اوخشاغانلغیدن، هوكومەت هەم آرادا، بریل اوتكوزمەسدن، بولادن سالق ایلشقا باشلاغان. وە مونوڭ اوستیگە، قازاق اوروسقا دەب آیریب قویغان یەرلەرنڭ هەممسینی، غەزنەگە قایتاریب آلغانلغیدن وە كوچمەنلەگە دیگەن. یەرلەرنڭ تولوسی سولوقسز بولغانلغی اوچون، شو غەزنەگە اوتكوزوب آلغان یەرلەنی ٨٢٠٠ دیسەتكیچە ایجارەگە ایلیب دیهقانچیلق قیلغان. (شونوڭ اوچون، یاركەنت اویازیدا ئەسكی هوكومەت واقتیدا، یەر ـ سویی یوق بولغان، پارچە ـ پورات قشلاقلار هەم كوب ایدی).

تارانچیلانڭ چیلەككە كوچوشی

غولجا كوچمەنلەرینڭ تولوسی آلموتو اویازیغا وا خوسوسەن چیلەك سویینڭ اوڭ وا سول یاقیغا (حازرگی واقدیكی قورام ـ چیلەك. مالیبای بولوسلری) اورناشتورولغان. چیلەك سوییڭ اوڭ یاقیغا (حازرگی مالیبای بولوسی) تورت بولوس ژوتدن تیریب، ١٠٨٦ توتون جان اوتورغوزولغان.

حازرگی قورام بولوسیغا، یوقاریدا ایتیلغان اوچ بولوس ژوتنڭ اوستیگە، باشقا بولوسلادن، بر نەچچە توتون قوشولوب ٢٢٨٥ توتون جان اوتورغوزولغان.

مالیبای بولوسیغا تەیینلەنگەن یەرلە، سوغا مول بولغانلغیدن، بو توغرودا حوكومەتكە هیچ بر قیینلق كوروشكە بولمیغان.

بو توغرودە كوبرەك قورام بولوسی توغروسیدا بولغان. چونكی بو قورام بولوسیغا بیریلگەن یەرلەرنی سوغارش اوچون. بیلیلاشیب تورولغان آسو. قارا توروق. اویونكە كیبكباینغا اوخشاغان تاغ سولیری یتیشمە. بو سولا بلەن دیهقانلانڭ احتیاجینی تەئمین قیلمیدەك یەرنی كوكلەتیب بولمیغانلغیدن. چیمەك كرستیانلری وە قازاقلا سو اچیب تورغان «آق ـ ایریق» دیگەن ایریقنی كەڭیتیب قارا توروققا قاراتیب، چاپش كیرەك بولغان.

کوچمەنلەدن بورون، هوکومەت چیلەکدن آتا، ولغیچە، سو یەنکوزوش تەکشیریتیب قـرانلغانیدا، بر تیخنیك حسابلاب، ۲٦۰۰۰ دیسەت یەرنی کوکل یتیدیغان سو چقارش اوچون ۳۰۰۰۰۰ سوم، چیقم کورسەتکان. ئەلوەتتە، مو مونچلك چیقمنی کوتوریشنی ایغیر دەب تاپقانلغیدن، بو یەر، شو کویونچە ناشل لکن کوچمەنلەنك کیلیشی سەوەبلك، سوغا یکیدن احتیاجنك پەیدا بولوشی بر مونچە تەجریبلك آدەملەنك مەسلیحەتی بو یونچە، کوچمەنلەنك اوز کوچی ایریق چاپدوروب، سو چیقاماق بولغان.

بو اشنی باشقوروش اوچون، ایلیدن تاتیب، تارانچیلا آریسیدا ایریق-ار چابقوزوب، ئەل ـ زوت آریسیدا، خیلی شوهرەت تاپقان، بورونقی تاش ـ اوستەك بو ئەبابەکری بولوس تەینلەنگەن.

بو آدەم ماندلق اشلادا تەجریبەسینك آمدانلغی بلەن هوکومەت تەرەپیدن قوشلوب بیریلگەن بر اورس بلەن، هیچ بر قانداق، رسقوتسز، هیلقی تبخنیك کورسەتکەنیدن ایکی مەرتیبە آرتوق سو بیریدیغان وە یلیغا ٤۰۰۰۰ دن آ دیسەت یەرنی کوکلیتیدیغان هارزقی قورام بولوسینك یوقوردیکی اوستەکنی چاپدو آتامقولنك یینیغا یەتکوزگەن. (بو اوستەك هدقیدە موتەخەسسلەنك تاپقان کەمچیل یاکغوز، اوستەکنك یانباغریدن ایلنغانلقی سەوەبلك، تووەنیگە یار ایلیب کینبش ئیبارەت بولوب، قالغان اشینی تەمامەن توغری دەب تابقان).

اوستەك اوچون هوکومەت تەرەپیدن بولغان چیقیملا:

ایکی دانە تومور توروکـکە	۱۷۷ سوم	٦٤ تین
کەتمەن، کوجەك ـ جابدوقغا	۱٤۸۰ „	— —
اشچیلانك یێمەك ـ اچمەکیگە	۸٦٥ „	۵۵ تین
آبابەکری بولوس بلەن یوماشنیگینك رسقوتیغا	۲۵۰ „	— —
جەمئی:	۲۷۷۳ „	۱۹ تین

یاکغوز بر، ایـکی مڭ سوم چیقم بلەن، پوتون بر بولوس ژوننی توبدو یەتـکیدەك سو بیریدیغان ایریقنی، غیتـاینك قولیدا واهتیدا، اوستەك آلوانی باشی قاتقان تارانچیلا، چیقارشقا مویەسسەر بولغان.

قاراسو بولوسیغا کوچوش

۱۸۸۱ نچی یلی ایبول آییدا، یەر کوروشکە چققان وەکیللەنك آرا بورونقی توققوز تارا بولوسی بلەن شەر آستی بولوسینك وەکیللر

ۇن، حازرقی تورگون سویینی یاقالاب توتقان. بو ایکی بولوسدن بر مونچەسی
سوسەن شەلکلە) اوزلرینكٔ آراسیدا بولغان پارتیەچیلق بلەن، یارکەنتدە قالیب،
ئلری کوچوب چققان. برای، بولا اوچون تەینلەنگەن یەرگە، پەقەت حازرقی تورگون
ویدن پایدالانشقا توغری کەلگەنلگیدن، بو تورگون سویی بلەن، تورگون اوروسلرینكٔ
ئیك تووی هەم آتامقول وە ایکی اوتتوردا بولغان قازاقلانكٔ یەرلری سوغورولغانلغیدن،
گردە، تارانچیلانی اوتورغوزغان تەقدیردە، سو هیچ یەتمیگەنلگینی ایتیبارغا ایلیب،
ولانی آتامقول بلەن قارا توروق آراسیدیکی بوشلوقغا اولتورغوزماق بولغان هەم
با بەکری .بولوس تەرەپیدن چاپیلیب یاتقان اوستەن اوچون یاردەمگە کشی بیریشکە
ەکلیف قیلنسادا، لکن بولا. اویاقغا بیریشقا اونوماسدن، قاراسو بولوسینكٔ حازرقی اورنینی
سورانغان. بو توتقان اورونكٔ یەر وا سودن کەمچل ایکەنلگینی بلدوروب، باشدا،
وکومەت روخسەت قیلماساما، لکن بولا، اوزلرینكٔ غولجیدا واختا هەم کوپرەگی
سودا گەرچیلك وە هونەرمەنچیلك ـ شەهەر ترکچیلگی بلەن مەشغول بولوشلغی اوچون،
بەر ـ سونكٔ آزراق کیرەك بولودوغانلغینی بلدوروب، آخیری، حازرکی قاراسو بولوسینكٔ
ورنینی اوزلریگە کەسکوزوب آلغان. وە تووەندەکی تەرتیب بلەن اورناشتورولغان

حازرکی تالغار سوینكٔ اولكٔ قاناتیدن ١٦٠٠ دیسەت یەری بلەن

ییکی شەر.	٣٠٠ توتون
تاشتیقارا	٢٠٠ ,,
تاشکەن ـ بای ساز	٥٠ ,,
جارلیقاپ	١٠٠ ,,
ماناپ ـ بولاق	٢٠٠ ,,
پالتا بای	١٠٠ ,,
ئیککی بای توقای	٨٠٠ ,,
سادر	٨٠ ,,
جەمئی:	١٥٠٠ توتون

١٨٨٤ نچی یلی بولانكٔ اوستیگە یەنە قوشولغان.	١٤٩٥ توتون
آلموتودا بولغان تارانچیلا	١٢٠ ,,
ایلی کوبروگیدە	٤٣ ,,
هەممە جەمئی:	٣١٥٨ توتون

لکن، قاراسو بولوسینكٔ کشیسیگە قاراغاندا. ییری نەهایەتی آز بولغانلغیدن.

بولانڭ تیریلمیسینڭ کوپیسی، خوشنا قازاق اوروس وه قازاق یەرلیرینی لا
تیرایدیغان بولغان.

۱۸۸۲ نچی یلی آلموتا اویازیغا چاچلغان آشلقنڭ حسابی

مالیبای بولوسی . . . . ۱۹۳۳ چیت. آشلق چاچقان
قورام ,, ... ۲۰۹۱ ,, ,, ,,
قاراسو .. . . ۲۰٤۱ ,, ,, ,,
جەمئی: . . ۳۰۰۰۰ چیت. آشلق آلغان

بو اوچ بولوسنڭ اوزلری بلەن برگه ایلیب کەلگەن آشلقی ۷٤۰۰ چیت
اویازنای اوپراولینیەدن ۱۰٦۰۳ پوت آشلق بیریلگەن. لکن بو اوچ بولوس
۲۷۰۰۰ دن آرتوق جانی آلغان ۳۰۰۰۰ چیت. آشلق بلەن تویدوروش م
بولماغانلقدن بولانڭ کونی ناهاییتی ایغیرلیشیب حەتتا، آچاچیلقدن. کوکات یگ
بولغان.

آخیری وایاننی گوبیرناتور، اوزی چیقب، بولانڭ احوالینی کوروب
بەرگەن ۹۰۰۰ سومنڭ اوستیگه یەنه ۵۰۰۰۰ سەرم ایلیب، اوچ بولوسقا ...
بولوب بەرمش.

۱۸۸۸ نچی یلیدا. آلغان حساب بویونچه آلموتا اویازیدا تیریلیب ایلنغان
حسابی ۸۱۰۲۲ چیت. بولغان.

یلدن ـ یلغا آشلق مول بولوپ. کیینکی واخلادا، اوزلریدن آشروب
اویازیغا توشوب ساتیب تورغان.

سیلینیەلەر سالش

سیلینیەلەر سالش ئەساس قیلنیب ایریقلانڭ آیرملغی وه هەر بر
۲۰۰ ـ ۳۰۰ اویدن کەم بولماسلق، ئوموماً دیهقانچیلق ترکچیلگینڭ اوڭغایلقی
ایلینب هەم تووەندەکی تەرتیب بلەن بولونگەن:

۱) چوڭ آقسو سویغا ایکی سیلینه هەر بری ۳۰۰ اویدن
۲) کچك آقسو . . . . ۲۵۰ ,,
۳) بایان ـ قازاق . . . . ۳۱۵ ,,

۱۸۸۲ نچی یلینڭ ایيون آیدا بو یەردەن ۱۰۰ اوی حازرقی چارینغا کوچ

۱۸۸۲ نچی یلینڭ یازیدا مالیبای بولوسی تووەندیکیچه اوچ سیلنیەگه بول
مالیبای. . . . . ۳۰٤ اوی
بای سەییت . . . . ۳۲۰ ,,

ماساقبای . . . . ۳۰٤ ،،

۱۸۸۳ نچی یلی بولانك اوستیگه قاینوق . . . ۱۸٤ ،،

ساریبولاق . . . . ۲۳۲ ،،

۱۷ نچی یلی مای آییدا قورام بولوسی تووه‌نگی سیلینه‌له‌رگه بولوندی:

قورام . . . . ۳۰۰ توتون

لابار . . . . ۳۲۸ ،،

۱۸۸۳ نچی یلی آوغوستدا تیره‌ن ـ قارا . . . ۳۲۰ ،،

قارا توروق . . . . ۳۰٤ ،،

آسو . . . . ۲۰۰ ،،

...كيبك بای بونوڅدن كيين توزولگدن بولسا كيره‌ك. به‌لکی، حازرقی قاراسو ... تارانچیلریدن بولسا هه‌م احتمال.

قاراسو بولوسی

۱۸۸۲ نچی یلی سنتابر آییدا کچك تالغر سویی بوییغا ۳۰۰ توتون

شول یلی ایبون ،، تاشکدن ـ بای ساز . ۲٤۲ ،،

۱۸۸۳ نچی یلی یازیدا تاش ـ قارا ـ سو . . . ۲۰۰ اوی

باوبك . . . . ۱۰۰ توتون

جارلیقاپ . . . . ۱۰۰ ،،

ماناپ ـ بولاق . . . . ۲۰۰ ،،

پالتوبای . . . . ۱۰۱ ،،

...كن، باشدا یه‌ر بولونگه‌نده. یوقاریدا کورسه‌تلگه‌ن حساب بویونچه بولوشینی ...كينكی واخلادا. هه‌ر یاقدن قوشلوب، وه اوز اچیدن آیرم توتونگه آیریلیب، ...سیلینیه‌ده یلدن. یلغا آرتیلیب تورغان.

...سالی: یگی شه‌هه‌ر قشلاغی ۳۰۰ اوباوکه به‌لگیله‌نگه‌ن بولسیما. که‌یندن ...یلوك اورناشقان.

• هه‌ر بر سیلینیه اوچون یه‌ر، اولچه‌نگه‌نده سه‌لامه‌تلکنی ساقلاش قائیده‌سی هه‌م ...فا ایلینب، بازارلق، مه‌کته‌ب، ژوت باغلری اوچون هه‌م یه‌رله‌ر قالدورولغان.

یه‌رله‌رنك حسابی وه ایاق ـ سالقلا:

مالیبای بولوسیغا . . . . ۳۱،۲۵۷ دیسه‌ت

قورام ،، . . . . ۵٤،۰۹۲ ،،

[illegible]	١٩٠٧١١	"
[illegible] بولوس)	٦١٠٠٩٧	"
[illegible]	١٩٠٣٣٢	"
[illegible] توگانلاریغا	٨٠٠٣٥	"
جەمئی:	١٩٣٦٢٤ دیسەت	

اوغتورۇش: ١٨٨٥ نچی یلی، یەرلەر سلینیە، سلینیەگە ئەلاهیدە قیلیب ب...
بیریلمش.

آموتا، پشپنك شەریدیكی توگانلا، شەھەر بیرینی اجارە بلەن پایدالانغانل...
بو حسابقا كرتامیگەن. قالغان یارلەردیكی توگانلانك یەرلیری، یوقوردیكی ئو...
حسابنك اچیدە. لكن، بو شەھەردە تورغان توگانلا، كیینكی واقتلاردا، یەر...
قسلغانلقیدن، یەر ـ سو اوچون «مشچان» بولوب یارلمش.

تارانچی ـ توگانلاردن سالق ھەممە یەردە بر تیگز، ١٨٨٦ نچی یلیدن باشلاب ...
باشیدن «سومدن (اون یلغیچە) آلغان. بر نەچچە ژیل بو تەرتیب بلەن اونك...
آندن كیین، یلدن، یلغا اوستوروب بارغان. تەبیئی، خیتای قولیدا! واقتیدا...
سونك قسلیقیغا قاراماسدن ژیلیغا ٣٠ خوتن «دەن» قویوب قینالغان دیهقانلا ا...
بو سالق آنچا ایغیر بلنمەیدن. لكن، یەتتی سوغا كیین كرستیانلا كوب ك...
دیهقانچیلق كوپەییشی سەوەبلك، قشلاق بایلقی مەحسولاتینك آرزانلانیشی آرنلا...
سالق كەمبیغەل ـ اوقاتسز دیهقانلا اوچون ایغیر كیلیب، آز یەرلك دیهقان بلەن، بە...
آجراغان باتراق سنفی یادن، یلغا كوپاییب، اوقاتی چوك بولغان كرستیانلا ا...
آرزان باھالق اشچی قول كوپەیەككە باشلیغان.

كەتمەن بولوسی وە قاشقاردن كوچوب چققان توگانلا

یوقوریدا بیزیلغان تارانچی ـ توگانلاغا كەتمەن تارانچیلری بلەن قاشقاردن ك...
چققان توگانلا قاتوشدورولمادی. بو اوروندا، آیرومچا قیلیب، بولار حەققیدە...
مەئلومەت بیریب اوتمەكچیمز:

حازرقی كەتمەن بولوسی (قازاقلادن باشقاسی) بوتون قشلاقلری بلەن، تارا...
آلتەشەردن كوچریلیب چققان واقتیدن باشلاب اوتورغان یری بولغانلقیدن، ...
بویونچە، خیتای تەرەپیدن چەك ـ آرا بویلاب، بیریلگەن یەرنك اچیدە حازر...
بولوسی ھەم بیریلگەن، شونوك اوچون، بولارغا، كوچ واقتیدا اوز اورنیدن...
توغری كەلمیگەن. بولانك آراسیدا، اوروس ھوكومیتی تەرەپیدن، آیرومچە تەداركات كور...
ریيەتی بولماغان. كەتمەن بولوسی اوروسقا اوتكەن واقتیدا، ٧٦٠ توتون ٣٧٨٧ جاندن...

قاشقار توگـگانلری

نارانچی-توگگانلانك خیتایلا بلەن بولغان سوقوشیدا، چوك قەھرمانلقلانی كورسەتكەن
ور بیانخو، سولتانلق پۆتكەندن كیین، باشقیلانك قولیغا بیریلشنی اوزیگە خورلوق
اموسسزلق ساناب، اوزینك ئەسكەرلرینی ایلیب ۱۸۷٦ نچی یلی قاشقارغا بیریب
وب (بەدەولەت) ئەسكەریگە قوشولغان. بونوك بیریب قوشلوشیدن مەخسەت، یەتتە
ق كورەش آرقاسیدا، آران آزادلققا یەتكەن تارانچی-توگگانلا، یەنە آز زامان
ەە خیتایلا بلەن، یاقا توتوشقا واخنك یاقنلغینی بلیب، واختی بلەن آلتیشەرنی
ایلادن تازالاش یولیدا، چوك شوھرەتلە قازانغان بەدەولەتكە بیریب، قوشیلوب، كوچینی
وپەیتیب، تەییارلانماق بولغان. بو مەخسەتیگە ھەم یتشكەن. براق، خیتایلا بلەن
قوش باشلانغان واختا، آلتیشەرنی اوزینك قاتتق قوللوغی بلەن بر توغ آستیغا
ان بەدەولەت، تویوقسزدن اولوب قالغانلغیدن، خەلق وە ئەسكەر آراسیغا چوك
نیفاقسزلق پەیدا بولوب. بەدەولەتدن‌كیین. اورنینی باسارلق برەركشینك بومیغانلیغیدن
ایلا واخدن پایدالانیب ۱۸۷۷ نچی یلی یەنە آلتیشەرگە ھوجوم قیلیب، قاشقارنی
ایلا باسیب آلغان.

ئەلوەتتە خیتایلاغا كوب زەرەرلە یەتكوزگەن توگگان باتورلری اوچون، بوكەلگەن
ایلادن، مەرھەمەت كوتوش اورونسز بولوش سەوەبلك، بیانخو اوز ئەسكەرلری
ن وە یاقوب بەگنك آتامەن-چاپامەنلری ھەم آلتیشەردن قاچدی.

شو ۱۸۷۷ نچی یلی اوكتابیر آییدا، خیتایلا تەرەپیدن اوچ توریاننك آلینشی
وەبلك، اوچ توریاندا بولغان بر پارچە توگگانلا، ۱۱٦٦ جان كشی قسقا یول
ن قارا قولغا كوچوب چقدی. قالغانلری شو ژیلی ٥ نچی دیكابردا خیتای
كەرلری، قاشقارنی باسیب آلیشی بلەن، بر آزی یاقوب بەگنك اوغلی بەك
ی بلەن فەرغانەگە قاچیب، قالغانلری (تولاراغی) بیانخو باتور بلەن حازرقی نارینغا
یب چققان. بو قاچاقلا دیكابیرنك اوتتورلریدا نارینغا یتیب كیلیب، اول یەردن
زغالیب ۳۳۱٤ جان (خوتون-ئەركەك) حازرگی توخماق ییریگە كەلگەن. ئەلوەتتە
قاچاقلانی حوكومەت گەپ، سوزسز اوروس تەوەسیگە قەبول قیلیب آلیب، قاراقولدا-
یلەنی اردیق سویی بوییغا، توخماقدیكیلەنی قاراقوغوز دیگەن یەرگە اورناشتورغان.
كوچمەنلە، بیانخو باتورنك دائیمی ئەسكەری بولوشی سەوەبلك، واختینی ھمیشە
قوش مەیدانلریدا اوتكەزگەنلگیدن، اوزلرینك آرتوقچە مال-واران. اوزوق-تولوكلری
یغان. شونوك اوچون، حوكومەت تەرەپیدن بولارغا یاردەم حسابیدا. ۲۳۷۰۱ سوم
تین بیرلگەن. بو، قارا قوغوز وە اردیق دیكی توگگانلا، ۲۰ یل بویی ھمیشە
وش. قان توكوش بلەن بولوب كەتكەنلگیدن. بولانك ئەخلاقی تولا اوزگەرگەنلگی

سەوەبلك، اوز آرا اولتوروش، بولاڭ ـ تالاڭچيلق بولارنڭ اچيدە ئادەت حوكميگە كرگە
شونوڭ اوچون باشقا يەرنڭ توڭگانلرى اولارنڭ اچيگە آرالاشقا وەاوزلريگە آرالاشتوروش
هيچ ريزالق بەرميگەن. لكن، بر نەچچە يلدن كيين، موحيت نڭ تەئسيرى بلە
بونداق اشلا يوقالغان.

بو قارا قوڭغوز توڭگانلرى بالا ـ چاقالريني اورناشتوروب قويوب، خيتايـلا
تالاش اوچون، اوز اچيدن مەخسوس شايكالا توزوب ايليغا بارغان. مانا، بو شاي
كوچمەنلە اچيدن، اوزيگە يارەمدەمچيلەنى تاپيب، سان ياقيدان خيلى كوپەيگەنلگي
غـولجە ئەتراپيديكى خيتايلاغا چوڭ زەرەرلەر يەتكوزگەن. آخيرى، احوال بوند
بولغان تەقديردە، أيكى حوكومەتنڭ آراسيديكى موناسيبەتنڭ بوزولوب قاليشيني ايتيبا
ايليب، خيتاى حوكومەتينڭ زارى بويونچە، اوروس حوكومەتى تەرەپيدن، بوشايكالا
يوقاتشقا تيزلك بلەن چارەلەر كورمەككە باشليغان. كوچمەنلەنڭ آراسيدا، بولا
باشقا هەر يەدە موشونوڭغا اوخشاغان شايكالا هەم چقماقڤا باشلاغان. (قاينوق، خونخاي
شايكا توزەب شيوەلەنى تالاشقا كرشكەن). حوكومەت بو شايكالانى تەكشيرەب، بولا
شو قارا قوڭغوزلوقلا ايكەنلگيني بلوب. قارا قوڭغوزلوقلانى خيلى قيين ـ قستاقڤا آلغا
قارا قوڭغوزنى قاراوولاب توروش اوچون ١٠٠ آتلق قازاق ـ اوروس كوزەتچى قويغا

وە اوياق ـ بوياقڤا يورگوچيلەر مەخسوس پروپوسكا (يـول خەتلرى) بلە
يورگوزولگەن هەم قاراقوڭغوزلوقلادن ياركەنت تەرەپيگە هيچ كم يبەرلميگەن.
حەقدە غولجيديكى، كوچمەنلە ايدارەسى ناچالنيگى ايزرەوتسف تەرەپيدن گينير
كالپاكووسكيغا بەرگەن بر تيليگرامنڭ قسقيچە مەزمونيني دەرج قيلامز:

«قارا قوڭغوز توڭگانلرى، ايليغا تالاڭ اوچون كيليب ياتيدو. خيتايلا بولا
تولا زارلاتادور هەم خەلق آراسيدا، قارا قوڭغوزلوقلا خيتايني تالاش اوچون، چوڭ شايك
توزوبدو ديگەن خەوەر بار، قارا قوڭغوز توڭگانلرينى تەفتيش قيليش كبرلا
ايليديكى، اوروس تەوەسى بولوشقا اختيار قيلغان توڭگانلانى، تيزلك بلەن كوچرو
روخسەت قيلڭ، هەكەزا...»

بو تيليگرامغا بينائەن، «ايليديكى توڭگانلانى ٢٠ نچى نويابيردن قالدورماس
كوچروشكە وە بو سروكدن قالغانلرينى اوروس تەوەسى دەب حسابلاماسقا دە
بويروق بيرلگەن وە بونوڭدن باشقا. بر مونچە چارەلەر كوريلوب، آخيرى اورو
يبريدن، ايليغا روخسەتسز كرگەن توڭگانلا قاچقون حسابيدا توتلوب، ٣٠٠ ـ ٤٠٠
كشى، اوروس يبريگە هايدالغان. ايڭ آياغى ١٨٨٣ نچى يلينڭ آخيريدا حوكوم
تەرەپيدن كورولگەن چارەلەر بلەن شايكالا، آران ديگەندە يوقاتلغان.

بو قارا قوڭغوز، توخماق توڭگانلرينڭ اوستيدە بولوس بولوب تـورغان، بيا
بانور، اونوڭ پوماشنيگى، خەلق تەرەپيدن بيرلگەن ئەرز بويونچە، اورنيدن قالدورل

لنغونك اورنيدن قالدورلشيغا بر سەياسى سەوەب بولغاندور دەب، اويليفيسى كيليدو)
لى اورنيغا باشقا بر كشى سايلانغان. بيانخو، ۱۸۸۲ نچى يلى اولگەن.
شو واقتا سايلام سەوەبلك يغلغان جان داڭزانڭ حسابيغا قاراغاندا، قارا قوڭغوز
ڭانلرى ٦٧٤ توتون وە ۳۰۰۳ جان بولغان. بيريلگەن يەرنڭ جەمئى: ۱۳۰٦۷ ديسەت.
۱۸۸۳ نچى يلى چاشقان آشلقى: ۷۱۰ چيت. بوغداى، ۱۲۵ چيت گوروچ تيريلب،
۵،۹ چيت. بوغداى. ٤٦٦ چيت. گوروچ آلغان. قاراقول اويازيديكى توڭگانلانڭ حسابى:
۲ توتون ۱۱۳۰ جان.

تارانچى-توڭگانلانى ايداره قيلش.

خيتاى قوليدا واقتيدا، ايداره اشيده. خەلقنى يوز-يوزگە بولگەن وە هەر بر
رلوككه بر يوز بيگى وە بر نەچچە يوزنڭ اوستيگە بەگ. بەگلەنڭ اوستيگە حاكم بەگ
ب، ايداره اشلرينى يورو تكەن. غولجيدا بر چوڭ اوستەندن بر نەچچە پارچە قشلاقلا
اچكەن. شو اوستەندە سو اچكەن قشلاقلا. سانينڭ آزلق كوبلكيگە ايتيبار قيلنماسدن.
آلديغا بر بەگلك تەشكيل قلغان.

خيتاى بولانڭ داخلى وە سود اشلريغا آرالاشميغان. تارانچى-توڭگانلانڭ سولتانلغى
لب اوروس قوليغا اوتكەندن كيين (۱۸۷۱-۱۸۸۱ نچى يليغيچە)، يەنە شو سيستيماسى
ى بەگلكنڭ اورنيغا بولوس سايلانغان.

شو تەرتيب بلەن ايلى تارانچيلرى ١٤ بولوسقا (بەگلككە) بولونگەن. بو
بينڭ بر كەمچلگى: بو بولوسلا. بر بريدن اوستەن بلەن آيرلغانلغيدن. بريدە
ق آز وە بريدە كوب بولوب. آز بولغان بولوسلادا، حاكملانڭ چقملرينى كوتوروش
كەلگەن. ايكنچيدن. بولوسنڭ چوڭ، كچكلگى آرقاسيدا، ژوت آراسيدا بولغان
بلوق كشى وە ئائيلەلەرنڭ آراسيدا مەنسەب پەرەستلكنى كوچەيتكەن. چونكى
لا تەرەپيدن. ژوت حاكملرى سايلانش يولى بلەن بولماسدن وە بەلكى. يوقوريدن
لەنگەنلگيدن. خيتاى مەئمورلرينى پاره بيريب ساتيب آلغان كشى، باشقيلانى
نيدن قالدورتوب. اوزى حوكومەتكە، ايگە بولوشقا مومكون ايدى. مانا. بو آحوال
سيدا ژوت آراسيدا مەنسەب پەرەستلك وا پارتيەچيلك نهايەتى تەرەققى قيليب
آغريق موشو كوندە هەم بزنڭ اچيمزدە باردور) خەلققە كوب زەرەرلەر يەتكوزگەن.
ئەلوەتتە يەنتى سوغا چققان واقتيدا. ايداره اشلرينى بوروننقيدەك يول بلەن ايليب
لغا توغرى بولميغانلغيدن ۱۲۰۰ توتوندون ۲،۵۰۰ توتونگيچە قيليب. قايتادن بولوسلقلا
كيل قيلب. بوروننقى ١٤ بولوسنڭ اورنيغا ٦ بولوس توزولگەن: قورام، ماليباى.
سو. ياركەنت. آق كەنت (آق كەنت كيين آيرلغان بولور) آقسو-چارين وە كەتمەن-
ات بولوسى اوز آلديغا بورونقيدەك قالدورولغان. هەممىسى ۷ بولودو.

اوروس حوکومەتی ۱۸۸٤ نچی یلیغیچە بولوسلانی سایلاماسدن، ژوت آریسبدیکی بورونقی آبرویلوق آدەملەنی بولوسلققا بەکیتکەن. چونکی، اول واختدا بو بولوسلاردن کوب اش تەلەب قیلنغانلغیدن، خەلققە سوزینی اوتکوزەلەیدیغان کشیلەر کیرەك بولوب. تووەندیکی آدەملەر تەینلەنگەن: یارکەنت بولوسیغا (آق کەنت بولوسی بوق ایدی) بورونغی ایلی شەرینك بولوسی قاسیمبەك بولوس بولغان.

قورام بولوسیغا بورونقی تاش اوستەڭ بولوسی آبا بەکری، قاراسوغا جامالدین مالیبایغا ناسیر بولوس بولغان.

قالغان آقساقال، قاریلری سایلامغیچە بورونقی غولجیدیکیلری قالدورولغان. ئوموماً تارانچی ـ توڭگانلانك آراسیدا ایدارە اشیدە توتولغان اوسول قازاقلاغا توتولغان اوسول بلەن بر بولوب، آیرماسی بولمیغان.

برنچی سایلام، ۱۸۸٤ نچی یلی باشلانغان. ماناشونوڭ بلەن ایلی تارانچی ـ توڭگانلرینك یەتتی سو اوبلاسیغە کوچوب چیقیب اورونلاششلرینك تەریخی تۈگەیدو.

تارانچی ـ توڭگانلانك موندون کیینکی احوالاتی سەیاسی، ایجتمائی یاقدن بر مونچە تاریخی دەورلەرگە بولنوب، تاریخدا اوز آلدیغا ئەلاهیدە اورون آلغوسیدور.

تارانچی ـ توڭگانلانك کوچوب چققانلرینك ئومومی جان هیسابی

۱۸۸۲ نچی یلی آلغان حساب بلەن کوچوب چقشقا اختیار قیلغانلانك هیسابی تووەندیکیچە بولغان:

	اوی	جان
تارانچیلادن	۱۱،۳٦۵ اوی	٤۸،۹۲۵ جان
توڭگانلادن	۱،۳۰۸ ،،	۵،۱۸۷ ،،
جەمئی: . .	۱۲،٦۷۳ اوی	۵٤،۱۱۲ جان

۱۸۸٤ نچی یلیدیکی حساب بویونچە کوچوب چققانلا وە یەر ـ سویی بلەن اوروس تەوەسیگە اوتکەنلەنك هیسابی:

	اوی	جان
تارانچیلا	۹،۷۵۲ اوی	٤۵،۳۷۳ جان
بونوڭغا کەتمەن بولوسیدن . .	۷٦۰ ،،	۳،۷۸۷ ،،
جەمئی: . .	۱۰،۵۱۲ اوی	٤۹،۱٦۰ جان

	اوی	جان
توڭگانلا	۱،۱٤۷ اوی	٤،٦۸۲ جان
توغماق، قاراقوڭغوزدا	٦۷٤ ،،	۳،۰۰۳ ،،
قاراقول اویاری‌دا	۲۰۵ ،،	۱،۱۳۰ ،،
جەمئی: . .	۲،۰۲٦ اوی	۸،۸۱۵ جان

ئەلوەتتە بو حسابنی توغری دەب ایتشقا بولمایدو، خوسوسەن، بو یاقتا کوچوب ...قانلانڭ حسابینی یققان واختیدا، کوچمەنلەنڭ کوبی اوزیگە تەئەللوقلوق سلینیەلەردە ...ی - ماکانینی سالب پوتمیگەنلگیدن، کوب خەلق، ایتتز - ایریقدا بولغانلغیدن، هەممیسی ...و حسابقا کرەلمیگەن. ایکنچیدن، بو حسابقا یاڭغوز اویلوکلە ایلینب، بویداق - یاڭغوز ...ویلا کرمیگەن، ئەلوەتتە اول واختا، ژوتنڭ کەمبیغەللگیدن بونداقلانڭ سانی، خیلی کوب ایدی.

توڭگانلانڭ بولسا، یاڭغوز یەتتی سو اوبلوسیغا چققانلرینڭ سانی یغیلب (بو ...هم تولوق ئەمەس) اولیا - آتا، فەرغانەگە کەتکەنلەنڭ حسابی کرمیگەن. شونوڭ اوچون، ...و حسابنڭ خیلی کەملگی باردور.

حوکومەت تەرەپیدن کورسەتلگەن یاردمنڭ (قەرز آقچا) هەممیسی ۱۰۰ مڭ ...سومغە بەنکەن.

۱۹۲۳ ژیل ۳۱ نچی دیکابیر. ا. مەنسور اوغلی.



بورادەر ئسمائیل تاهیری.

...غور ..بلك هەيئەتی:: هەم یەتتە سوویلایەتی پارتیە کامیتیتینڭ کانترولنی کامیسیە رەئیسی.

تارانچی - تونگانلانڭ یەتتی سوغا کوچوب چیقیشی ھەققیدیکی تەریخی پارچەنی یــازشدن مەخسەت. کەلگوسی اوچون تەریخی مــاتیریــال قیلیب قالدوروشدور. بونی یازشدا بورونقی گوبیرنـاتور (کالپاکووسکی) کانسیلاسیدا بولغان، غولجە شوئبەسینڭ (Отдел по кульдж. делам) ۱۸۷۵نچی یلدن باشلاب ۱۸۸۳نچی یللریغیچە یوروتولگەن آرخیونی ماتیریاللری بلەن پایدالانلدی. بو شوئبەنڭ آرخیونی اش قەغەزلری اچیدە آلتیشەر - جونغارییە ھەققیدە نەھایەتی اھمییەتلك تەریخی داکومینتلار بار ایکەن. براق بر مونچەسی تاشکەنتدیکی مەرکەز آرخیو ایدارەسیغا ایلنیب کیتبدو. بو ایلنیب کەتکەنلەنڭ اچیدە بز اوچون ئەھمییەتلیگی، شو واقتلاردا ایلی سولتانلغی بلەن اورس ھوکومیتی آراسیدا وە بەدەولەت (یاقوب بەك) بلەن بولغان ئەلاقیلا ھەققیدە بولغان بر نەچچە ،،دیلا،، لەر دور. ئەلوەتتە، بو ماتیریاللانی تاشکەنتدیکی مەرکەز آرخیودن تاپیب کیرەکلك داکومینت وە ماتیریاللانی سایلاب آلش کیرەك.

آندن تارانچی - توڭگانلادن اوروسقا تابع بولوب کوچوب چققانلرینڭ نوپوسینی وە دەسلەپکی ایقتیسادی ترکچیلگی ھەققیدە مومکون بولغانچە توغری؛ حساب بیریشقا ترشدم. ئەلوەتتە، بونوڭ کەمچیلکلری بولوشی مومکون. خوسوسەن بو ھەقدە کوبرەك مەئلوماتنی شو کوچ واختیدا آرلاشقان بر مونچە قیریلریمزدن یغشقا مومکون بولار ایدی، لکن بولاردن یغلغان مەئلومــات مینگدە آز بولدی. ایکنچیدن. واخ آلدراشلق بولوب قالیشی اوچون تەکشیرمشکە، چاقشدروب فاراشقا توغری کەلمیدی.

شونوڭ اوچون بونی بر تاریخی ماتیریال حسابلاب. بو ھەقدە قولیدا، تولوغراق ماتیریاللری بار بورادەرلەرنڭ ،،اویغور بیلك ھەیئەتیگە،، یبەرشینی سورایمز.

ا. م. تاهیری.



تو ﺛﮕﺎﻧﻼ كمله؟

موشو كۇنگيچه توڭگانلا ھەقيده تولوق بر مەئلومات بەگەن تاريخ تيپيلميدى. ﻳﺮﻗﻨﻰ تەپتيش ئەتكوچيلە ھەم، توڭگانلا ھەقيده جۇزئيگينە بر مەئلومات ييزب بەتكەنلكدن، بو خەلق ھەقيده تەپسيللك بر مەئلومات. ئهتمال خيتاى ئارخيولرى كونا ئەسەرلەنى ساخلايديغان اورون) دا هيروغلوپ يارولرى بلەن ييزلغان كونا ﺭﻳﺨﻼﺩﺍ بوسا ئەجەب ئەمەس. ھەرھالدا. توڭگانلا ئۇزلرينى، خيتايستانغا دين ئۇگۇتۇش ﺋﻮﭼﻮﻥ كەگەن ئەرەب (سەھابيلەدن سەعدى واقتاس ھەم اونڭ كشيلرى) نەسليدن ﺑﻴﺮﺏ دەئوا ئيتيدو.



توركستان اويغور كاممونيستلرى مەركەزى بيوراسى‌نڭ ئەعزاسى بورادەر ھاكيم سولايمان.

قايسى بر توڭگانلا ئۇزلرينى چيڭگزخان، ﺍﻭﻥ ﺳﻘﺎﻕ تۇمۇر ئەسكەريدن قاغان هيسابلاب، ﺁﻟﺪﺭ ﺗﺎﻳﻼ، «تورغان»، ديگەن سۇزنى «تۇڭگان»، ﺑﺐ ئۇز تللريگە ئۇروب ئاغان دەيدو.

بو ھەقدە، ياوروپا ئاليملرى تۇرلۇك پيكردە ﺳﻮﻣﺎ، توڭگانلانى اويغور تۇروكلريدن ئارالغان ﺑﺐ ئيتقوچيلا ھەم با. برنچى، اون ئۇچۇنچى ھەم اون تۇتۇنچى ئەسرلەدە خيتايلا قاشقارستاندن كوب (جق) اويغور ئائيلە (بالا-چاقا) لرينى مەجبورى سۇرەندە گانسو ھەم شنسى ويلايەتلريگە كۇچۇگەن. بەلكى، بونڭ توغرى بولوشى مۇمكۇن. چۇنكى، توڭگانلانڭ ئيك كۇب ييرى مەركور ويلايەتلەردور.

بەزيلە، توڭگانلا تۇرۇك اوروغيدن، ماڭغوللا زامانەسيدە ھەربى ئەسير سۇپەتى بلەن سەمەرقەن، بوخارا ويلايەتلريدن كۇچۇرولگەن دەيدو. بونڭ ھەم توغرى بولوشى مۇمكۇن. چۇنكى، خيتاى مەركەزى‌ديكى توڭگانلا ئۇزلرينى سەمەرقەندن كەگەن دەب هيسابليغانلغيدن، مەشهور سەيياح رەشيت ئيبراهيمف ھەم سالا توڭگانلريدا كۇب تۇرۇك تەئبيرلرينڭ ساخلينب قاغانلغيدن بو دەئوانى قووەتلەيدو.

ئەينەوور. توڭگانلانڭ تۇرلۇك ئينقيلاب - ئۇزگورش وامريدا خيتاى ئچيگە كريب

قاغان تۇروك باللری ئیكەنلىگى بەك يەقینی ئیهتیمالدور. چونکی یاوروپا ئالیملری توڭگانلانڭ سیما ـ قیاپەت جەهەتلرینڭ خیتایلادن باشقا بوغانلغینی كۇستۇشلری بوڭا دەلیل بوسا كیرەك.

توڭگانلا كونا خەلقلەدن بولوب، بەك اوزون زامانلادن بیری خیتایلا بلەن بللە یاشاب كەگەنلگیدن. خیتای مەدەنیيەتیگە مەغلوب بولوب، تل، ئۇروب ـ ئادەت، مەتتا كییملری خیتایلاچە بولوب كەتكەن.

ئامما، بەدەن جەهەتیدن خیتایلاغا قاریغاندا، باشقا یەئنی: ئیگز بویلوق، مختی هەم كۇرنوشی اوبدان بولوب، ئەدەب، ئنساپ، هەیا یاخلریدن هەم شۇبهەسز خیتایلادن ئوستون.

اوموملەن بولا توغری وەئدەلك، باتور، ئجتهاتلق، ئوز ناموسن ساقلوغوچی، مهمان دوس، هورلوقنی خالیغوچی برخەلق بولوب، ۱۸۵٦-۱۸۷٦ ژیللادا بوغان خیتای، توڭگان ماجرالری بولانڭ هور خەلق ئیكەنلیگینی كوسۇتودو.


یەتتی سوۋیلایەت ـ شەهەر میلیتسیەسی نڭ باشلغی بورادەر ماگارا ماسانچن.

دین جەهەتیدن كوڭكی اسلام دینیدە بولوب؛ سۇننی، شیئی مەزهەبلریگە ئایریلیدو. بو ئیككی مەزهەبنڭ قایسیدا كۇپرەك ئیكەنلگینی ئیتامیسام هەم دین یولیدا بەك موتەئەسسپ وە ئسلام مەدەنییەتیدن مەهرومدور. ئامما، خیتایچە اوقوغانلری خیلی بوسا كیرەك. چونكی، زور مەئموریيەت (اورون)دە بوغان توڭگانلا ئوممی هالدا چوڭ اورونلادا بوماس ئیدی.

توڭگانلانڭ جوغراپی جەهەتلرینی كۇسەتمەك قیین. سەوەوی بولا روسیە تاتارلریدەك سودا ئشی بلەن مەشغول بولوب، خیتایلانڭ تورلوك ئولكەلریگە تاقیغان. تیبەت سەهرالریدن تاتب تەشكەن شەریگیچە بو خەلقنی كۇروش مۇمكۇن.

سان جەهەتیدن ئۇزلرینی سەكسەن میلیون دەب هیسابلیسا هەم لەیكن، اوتتوز قرق میلیوندن ئاشمیسا كیرەك. (پاد پالكاونیك نارنیلوفنڭ هیسابی بویونچە ئالتەشەردە تۇت مڭ ئالتە یۇز قرق توتون كشی بار).

توڭگانلانڭ بر قسمی، ۱۸۷۷ ـ نچی ژیلی خیتای زوامیدن قیچب روسیە هیمایەسی

ئه سوغا ئاتمش ملك جان هیسابیده كۆچۆب چققان. بـولانڭ ئچیدن بیزەچیسی
لرنعو قوماندانسیدا یەتته سودا قیلب، قاغینی ئاولیاتاغا اورناشقان.

هازرقی واختا. یەتته سو توگـگانلری ئەللك بەشمك هیساپ قلنیدو. یەتته سو
بگانلری نەهایەت ئجتهاتلغی بلەن تورموشقا اوستا بولوب، بر قسمی سودیـگەر
بر قسمی دیهقانچیلاق ئشیگه موتەخەسسلگی ئافیسیدا. موندیكی كوكچه، گوروچ
سولاتینی بـولادن اوشوق ئالیدیغانلا یوق هەم تیریق. گوروچدن قاینیتب بـال
ماق بولانڭ قولیدا.

بولا میشەن لەقەبینی ئختیار قلغانلفریدن ئەسكەرلك خزمەتیگەما ئیلینیدو. تل،
وپ ـ ئادەت خیتایلا اوخشاش بوسیما، نوغای، ئوزبـەك، قازاق تەئسیریده یـوق
س. ئالته یاشدن ئاتمش یاشقیچه هەمیسی تۆروكچه سۆزلەشنی بلیدو.
یاشلا كۆپرەك خیتای تەئبیرلرینی اونتوب تۆروكچه، روسچه سوزلـەنی استیمال
ـو.

یەتته سو توگـگانلری مەئاریپ ئشلریدا ئارتدا بولوب، پەقەت ئۆتكەن ژیلدا
وتا. یەركـەنت توگـگانلری برنن مەكتەب تۆزەب، ژیگرمیگه یـیغن توگـگان
لرینی ئاشكەن، مەسكاوغا اوقوشقا ئەوەتدی.

سابیرجان شاكیرجان.



ئيستيبداد خاتىرەلىرىدىن

(تارىخى ھىكايەلىرىمىز)

خىتاي زۇلمى ۋە تارانچىلار ھەم مەشھۇر سادىر خاكروق

١٧٥٩ - مىلادى. خىتاي ئىمپىراتورى ،،چاڭ - لوڭ - خان،، زامانىدا خىتايلار شەرقى توركستاننى ئوزلىرىگە قاراتقان ايدى. كېيىن بولانىڭ ھەددىدىن ئاشقان جەورى زۇلۇملىرى، ئالتەشەر توروكلىرىنىڭ بىر نەچچە مەرتىبە خىتايلارغا قارشى قوزغولوشلىرىغا سەوەب بوغانلىقلارى تارىخلاردا مەئلومدور.

بو قوزغولوشلاردا خىتايلار قانچە قىرىلىب، قانچەماللىرىنى سەرپ قىلسىمۇ، شەرقى توركستاننى بايلىغىنى تاشلاب كىتەلمىدى. گايى واقتا خىتايلار ئوستون، گايى واقتا موسولمانلار ئوستون بولوب، بو چومولەدىن نورغون ھىسابلانغان خىتايلانى ئالتەشەرلەركلە تامام مايدان پوترەلمىدى.

ئەخىرىدە خىتايلار ئوستون كىلىب، كىلىدىغان واقتا بولىدىغان ئىختىلال (قوزغولوشلانىڭ تومورىنى قوروتماق ئوچون، ئىيكىنچى بىر سەياسەت توتدىكى. او بىرسا. ئىنقىلابچى سانالغان سىنپلانى باشقا يەگە يوتكەش، يەئنى كوچروش ئىدى.

تەخمىنەن ١٧٦٠ ژىلى: قاشقار، ياكەن، خوتەن، ئاقسو، قومول، (خامى)، تورپان شەھەرلىرىدىن ٦ - مىڭ ئائىلە (بالا - چاقا) اويغور كەمبەغەللىرىنى مەجبورى سورەتتە ايلى ويلايەتىگە كوچەدى.

بونىڭدىن مەقسەت: ھەر دايىم غەلوە ياساب توغان سىنپلاردىن قوتلوش، خىتايلار تەرەپىدىن ئولتورولگەن قالماقلاردىن بوش قاغان يەرلەرنى ئاوات قىلىش ھەم تىجىمەل (موستەملىكەچى خىتايلانى تويدوردىغانلانىڭ كىرەك بولوشى ئىدى. شونوڭ ئوچون ٦ - مىڭ ئويلوك ويغورلار، ٦ - مىڭ ئويلوك مانجولانىڭ ئاشلىقلىرىنى ھايداب، قول اورنىدا خىزمەت قىلىشقا مەجبور قىلندى. بو، كوچرولمىش ئالتەشەر اويغورلىرىغا. خىتايلار قالماقچە ،،تارانچى،، ئىسمى بىرىب، شو كوندىن ئىتىبارەن موشو ئىسمدە ئاتىلىب كەمەكدە.

تارانچىلار ايلىغا كەگەندە، بىر كورپوس (٤٠ مىڭ) خىتاي ئەسكەرى بىلەن تاغ ئەتراپلىرىدا كوچوب ژوگەن قىزاي ئاتلىق قازاق ھەم بىر ئاز قالماقلار بار ئىدى.

خیتایلا کەمسدن بورون، جونغارییەنڭ مەدەنییەت کندیگی (مەرکەزی) هیسابلانغان
ویلایەت خیتایلانڭ ڤالماقلانی رەھیمسز سۇرەتدە قرغنلری ئاسنیدا، تامامەن خاراب
کەگەن بولوب، شو خارابلقلانی توزوتوش، یاڭلیباشدن شەلەنی بنا قلب خیتایلانی
ش، ئەلهاسل، ایلی تەبیئەتی هیسابسز بای هەم ئشلەنمیگەن بر غەزنە بوغانلقدن،
خام تەبیئەتنی اشلەب، خیتای ئالی (چوڭ) سینپارینڭ هەیاتینیساخلیماق، تارانچی
مبەغەللرینڭ بوینیغا چۈشکەن بر بەلا ئیدی.

شونڭ ئوچون، خیتای چیریکلری، تارانچیلانی قامچا ئاسنیدا ئوستەنلەنی چاپقوزوب
وچقاتب، دیهقانچیلق ئشلرینی قلدوراتدی.

تارانچیلا ایلیغا کەگەندە تولا کەمبەغەل بولوب. تاپقان نەرسەلرینی خیتایلا تاتب
ن سەبەبلك، یەیدیغانغا اوزوقلری بومیغان واغلری هەم بوغان. لەیکن، ئوزلرینڭ
ت دوسلغی ـ ئشلکلگی بلەن کۈن ـ تۈن ئشلەب کونلوك مەئاشلرینی تەئمین قلشقا
یهات قلسیما، بر ئاز هال ـ اوقیتی یاخشی بوغان سیری، ایلق ـ سیلقنی تولا سیلب،
ئلگەکی ئسکەتی (هالی) گە کەلتوروب قویاتدی.

مەسەلەن: بر تارانچینڭ ئات ـ اولاقلری یوقکەن، قوشقا ئوزینی قوشوب ئشلیگەن
ا، اون خو (قرق پوت) سیلق ایلنسا، بر ئاز ئات ـ اولاققا یتیشب قاغاندا ژیگرمە
(سەکسەن پوت) سیلق ایلناتدی. بو سیلقلانی تۈلەمیگەن تارانچیلا، جانلق
وانلرینی، هەتتا کییملرینی سیتب، یاماق (ئاقچا) بلەن سیلقلرینی تۈگۈتۈشکە مەجبور
ی. مال وە باشقا نەرسەلری یوق کەمبەغەللەنڭ ئیزیز خوتون ـ باللری سیتلب
لری یامولغا سولناتدی.

مانا شو ئەهوالدا، هەددیدن ئاشقان خیتای زوامی توغری ۱۰۵ ژیل داوام قلیدو.
شونداق جاپالانی چەککەن تارانچی کەمبەغەللرینڭ هیچ بر یاردەمچیسی چقماسدن.
ن بەگلری، روهانیلری بو زورلوقلانی کوروب توروب، ئوز راهەتلرینی کۈزلەب
ت هیمایە قلشنڭ چارەلرینی کومیگەن. بەلکی ژیغلاب کەگەن کەمبەغەللەنی
انغا ئیتائەت واجب،، ،،تەغدیرگە تەن قویوش کیرەك،، دەب خیتای جاللاتلریغا توتوب
رەتدی.

لەیکن، بو توتوب بیرشلا ئەخیریدە هیچ بر پایدا قلمیدی، ئازادلقنی تەلەب
وچی باتور تارانچی ئینقیلابچیلری، خوتون. بالا ـ چاقالرینی تاشلاب تاغ تاشلاغا
دی. ئوزلرینڭ نەمایەت ئیزلغانلقارینی موکلوق قوشاق (شیئر) اری بلەن ئزهار
اندی.

شو واقتا، خیتاینڭ ئەلیمی ئوتکەن کەمبەغەللە توومەنکی قوشاقنی ئەیتقان:

بو تاغلا ئیگز تاغلا،
غیریب یولینی باغلا،

غيريب ئولسه كم ژيغلا؟
— غيريبقا غيريب ژيغلا.

مانا بو، مەزلوملانڭ ژورەكلريدن قان ئاريلاش قايناب چىققان ئاه-زارلرينڭ ملڭدن بری. خيتای زالملری شوندا، قاچقونلانڭ خوتون-باللرينڭ باشلرينی چيپپ (كيسب) بازا مەيدانلريغا ئيسب قوياتدی.

لەيكن. بو وه هشەتلكلەنڭ هيچ بری پايدا ئەتمەسدن. خيتای قلچيدن ئوالوشنی ئوزلريگه خورلوق سانيغان تارانچی قاچقونلارينڭ سانی كوندن كونگه كوپەيوب. خيتايلانڭ زالملاچه ژورونكەن سەياسەتلرينڭ ئاييغی نيمه بولدی ديلسه؟ — بولا هەممیسی ژيغلب كيليۋيغان واختا ئينقيلاب اوشقونی ئيدی.

ئاما. ئينقيلاب باشلانغيچه بو قاچقونلانڭ ئەھواللری نەھايەت قيين بولوب، بولانڭ توليسی سوغ تاغلادا. ئىسسق چوّلەدە ئاچ ياليڭاچ قيلب ئۆاوب كيمەتدی. خيتاينڭ قوليغا چوشكەنلری يامولاغا كوب سولونوب- چيرب ياكی چيپلب تاشليناتدی بولانی ژيغب اويوشتوريغان كشی يوق ئيدی. موشولاغا اوخشاش قاچقون كەمبەغەلل ئاريسيدن، يالغوز „سادير خاكروق‟ ديگەن بر اوغول-بالا. دۆشمەن قوليغا چوشمەسدن ژورەتدی. سادیرنڭ خيتايلاغا دوشمەنلگی مەشهور بوغاندەك اوغريلقی بلەن هە پۆتۆن „ايلی ويلايەتی‟ گه مەشهور ئيدی.

سادير خاكروق

سادير خاكروق مولتوقتی (موللا توختا) يوزيدن ئارا ئوستەنلك بولوب، كچك واختيدا بورنيغا قوروت چوشوب خاكروق بولوب قاغان سەبەبلك. چوڭ بوغاندا. شو لەقەم بلەن مەشهور بولوب كەتكەن. سادير. تەخمينەن ١٧٩٦ نچی ژيلی مولتوقتی يوزيده (قشلاقدا) توغولوب، ١٨٧٢ نچی ژيلی، ٧٦ ياشقا يەتكەنده واپات بوغان.

ئاتيسی خوش ئەخمەت ئاتلق كەمبەغەل بر تارانچی ئيدی. سادير شاواخان هەميده خان ئيسملك ئيككی خوتون ئاغان بولوب. بو ئيككی خوتونينڭ قايسیسی چوڭ خوتونی ئيكەنلگی ئانچه مەئلوم ئەمەس. هەر هالدا، سادیرنی كوگەن تارانچی قيريلرينڭ ئەيتشلريغا قاريغاندا. ئيككنچی خوتونينی ئاووالقیسی ئولگەندن كين ئاغانلغی ئاڭليشيليدو.

سادیرنڭ چوڭ خوتونيدن: ١-دەرگا قولی، ٢-ئەلا قولی، ٣-تۆره قولی. ئيككنچی خوتونيدن: ١-ئيگەم قولی، ٢-كيرەم قولی ديگەن بەش اوغلی بولوب، قوشاقلريدن دانا خان ئاتلق ئوزيدن بوغان قزی بلەن، پوماشخان ئاتلق يەنه بر ئوگەی قزی بوغانلغی ئاڭلينيدو. اوغوللريدن ئيگەم قولی بلەن كيرەم قولی ئوشبو كونده غولجا

ده هەيات ايمش، كيرمم قۇلى بوسا، ئاتاسينك قوشاقلريدن موكەممەل بلگەنلگى
ئيبليدو.

سادير، ئيگز بويلوق، سيريق رەڭلك. گۇشسز، ئىگچيكە. ئيكەگيدە كچكينە سيريق
ن، كەڭ مييەلك، يوغان باش، ئوتكۇر سۆزلۇك، پالوان. اونڭ ئوستيگە كەمبەغەل هەم
ى ئيدى. اوغرى بولوشى، خيتايلا تەرەپيدن ئيغر سيلق سيلنشى بلدن اونى
بگەنلگى ئوچون بەگلەنڭ خيتايلاغا توتوب بيرشلريدن قوقوپ موشو سۆپەتكە
گەن. هەقيقەتدە، قاچقون بولوشدن بورون اوغرى بوماسدن. بەلكى ئوز قول كوچى
كون كۆروب كەگەن ئادى بر تارانچى ئيدى. قاچقون بوغاندن كيين كوب زامانغيچە
چەلرى كيلب يوشرون بالا ـ چاقالرينى كوروب، كيتيديكەن. ئەخيرى كوب جاپا،
للەنى چەككەندن كيين، خيتايلا توتوشقا يقين بوغانلقدن، بالا ـ چاقالرينى كوروب
وشدن مەهروم بولوب ئولەر هالغا كەگەندە اوغورلق قلشقا مەجبور بوغان.
شونڭ بلەن قاچقونلادن ئيبارەت اوغريلا اويومى تەشكيل قلب ئوزى باش بوغان.
ب ژۆگەن واختا، لەقەمى قاچقون سادير بوسا، اوغريلق قلشقا باشليغاندن كيين
ى سادير دەب ئاتالغان.

سادير‌نڭ اوغورلغيدن هەر كم قوقان. اونڭ هەقيقەدە هەر قانداق خيالى هيكايەلەنى
زلەب، سادير تذسم بلەن قاراب توروب، كوزگە كورونمەى اوغولوق قلغيدەكمش
لەن سۆزلە تاريغان. لەيكن، سادير اونداق بوميغان. اونداق بولوش هەم غەيرى
نى بر ئش. بەلكى، سادير‌نڭ هيچ نەرسەدن قوخماسلغى. اوشاق ـ چۆشەك سۆزلەگە
يات ئەتمەسلگى خەلقغە خيالى بر ئشدەك تويولغان.

او، تاغلادا پييادە قيچب ژۆروب. ئاچ ـ ياليڭاچ قاغان هالدا. تارانچيلادن هيچ نەرسە
لاب ئاميغان. اونڭ ئيڭ يامان دوشمەنلرى زالم خيتاى وە قالماق بايلرى بوغان.
بر اوغولوق قلغاندا. ايليدن ييرم، بر ئايلق ژيراق يەلەگە: شيخو، ماناس، ئورمچى
ەرلرى هەم تورغوت قالماقلرى تەرەپلرى بوغان. نەديكى بولا ـ بوماس ئشلا بلەن
غول بوماسدن. بەلكى اومومى دوشمەنى قالماق بايلرى. هۆكۆمەت كاروانلرى هەم
نەلريگە هوجوم ياساب مال ئاغان. تاپقان ماللرينڭ ئوزيگە كيرەكلگيدن ئاشقانلرينى
مبەغەللەگە بەگەن ـ پول ژيغميغان. شونڭ ئوچون تارانچيلا اونى توتوب بيرشكە
سدن. كوگەنلە، كومەسكە سيلب ژوگەن. خيتايلا قانچە ترشب توتماق بوسوما. خيلى
یەرلیك - روسیەدە قاراشلیق ئویغورلا (تارانچی هەم تونگانلا) هەم آلتیشەرلکلە (ختایغا قاراشلیق ئویغورلا - تورکستاندا یەرگە ایگە ئەمەس). تورکستان ئولکەسیدیکی پوتکول ئویغور خەلقی تەخمینەن ٥٠٠ مك سانغا (یرم میلیون) ایگە بولوب، تووەندیکیچە بولینیدو:

تارانچیلا.

ئەڭ کوب قسمی یەتتی سو ولایەتیدە یاشایدو: خوسوسەن آلموتا هەم یارکەنت اویازلیریدا. کونا ئیدارە زامانیدا تارانچیلا یەتتە بولوسقا بولونگەن.

بونوڭ توت بولوسی یارکەنت اویازیدا، اوچ بولوسی آلموتا اویازیدا.

موندون باشقا یارکەنت شەهەرینڭ کوپچیلیگی تارانچی، آلموتودا اوروسدن قالا تارانچی کوپچیلکنی تەشکیل قلیدو.

پشپەك، قاراقول، تاشکەنت شەهەرلریدە هەم مەروە اویازیدا اولتوروشلوق تارانچیلا با.

بولوسلا: قاراسو، قورام، مالیبای، یارکەنت، آقکەنت، آفسوچارین هەم کەتمەن.

یەتتە بولوس تارانچی آیروم ٦٠ (آتمیش) قشلاقغا بولینگەن.

تارانچیلانڭ سانی تەخمینەن ١٤٠ مڭ حیسابلینیب توبەندیگیچە بولینیدو:

آلموتا هەم یارکەنت اویازیدا ١١٠ مڭ، مەروە اویازیدا بەش مڭغا یقین. قالغینی تورلوك شەهەرلەردە.



توركستان ئويغور كامونيستلرى
مەركەز بيوراسينڭ رەئيسى بورادەر آبدوللا روزيباقى.

ارانچى‌لادا چيلك وامەدەنى ريپ اشلرى.

تارانچيلانڭ ئەساسى تريك چيليگى ديهقانچليق. «تاران» ماغول تليدا «ديهقان ـ قوشچى» ديگەن سوزدر. تارانچيلادا ديهقانچى‌لق ئۇسولى ئەڭ كيين قالغان. قوليديكى يەرليرى ناچار، هونەر وا باشقا كەسبلەر تەرەققى تاپالميغان سەوەبلك پەقير ياشاب كەلگەن.

باغبانليق، كوكچى‌لك. پاختەچيلك (مارو هەم ياركەنت اويازيدا) اشلرى هەم تارانچى تريكچلگيدە خيلى اورون تۇتۇب كەلمەكدە.

١٩ انچى ئەسردە ختاى ئەمارەتى، بوخارا وا كاشغار مەدەنيەتى‌نڭ تەسيرى بولوب مەدەنيەت ميدانيدا تارانچيلادا هيچ [illegible]
تەرەققيات ئەسيرى كورولميدى.

پەقەت ١٩٠٥ نچى ژيل روسييە ئينقيلابى هەم روسييە ...ريدا كوچويوب باغان تەرەققيات تارانچى‌لانڭ هەم بر قەدەر كوزنى آچدى.

تەرتيبنڭ ابتيدائى
نايپتى آسالق بلەن بوسما آلدا ـ مولدا

مەكتەبلە ووجودقا كەلدی. بو مەكتەبلەرنىڭ چورەسیگە توپلانغان یاشلا آریسیدا مەدەنی حەرەكەت سیزیلدی.

«جەدیدچی ـ كالتا چاپانلا» دیگەن بر سینپ ووجودقا كیلیپ خەلق حەیاتیدا خیلی اورون تۇتۇپ كەلدی.

ابتدائی مەكتەب ایچیشدن باشلانغان یاشلا حەرەكیتی كۈندن كۈن اوزی‌نىڭ یولینی كیڭەیتیپ. اینقیلابی‌لیشیپ، تارانچی خەلقینىڭ اجتمائی حەیاتیغا بر مونچە یيڭی‌لقلانی كرگیزەلیدی.

لەیكین بو یاشلا حەرەكیتی برلەشمیگەن ایدی. هەر یەردە تۈزۈلگەن كچیك ـ كچیك یاشلا جەمئییەتلیری اوز آلدیغا یاشاپ كەلدی.

اینقیلاب دەوریگیچە اوزی‌نىڭ كۈچینی ساقلاب كەلگەن تەئەسسۇپ، قارا گروه ئۇلیمالاشا قارشی كورەشدە یاشلادا، تەشكیلات تاپمیغان بوسیما، مەسلەك جەهەتیدن برلیك بولوب بۈلانىڭ مەە‑نەوی برلیگینی ساقلاب بەلكی كۈچەیتب كەلدی.

یاشلا ئەسكی تۈرمۈش بلەن، قارا گروه ئۇلیما وا بایلا بلەن كورەشمەك یولیدا خیلی قیین‌لق ـ توسالغولاغا، جاپالاغا (نیكالای ئیداریسی تەرەپیدن) هەم یولوقدی.

شوندان قیلیپ ۱۹۱۷ ژل پیورال اینقیلابی‌غیچە ئەسكی تۈرمۈش بلەن كورەش مەیدانیدا تارانچی یاشلیری خیلی تاسقالدی. ئجتمائی تورموشدا خیلی تەجریبە ایلیپ. حەرەكەتینی بر قەدەر رەسمیلەشتورەلیدی. بو حەرەكەت نەتیجەسیدە بر قەدەر تەرتیبلك مەكتەبلە داوام ئیتب، آز بولسیما پارچە وا اورتا زییالیلەر سینپی یيتشدی.

تۈنگانلا. تۈنگانلانىڭ كوپچی‌لیگی یەتتی سو ولایەتیدا: پشپەك، قاراقول، یاركەنت هەم آلموتا اویازلیریدا یاشایدو. مۇندۈن بولەك آولییاتا اویازی هەم پەرغانیدا آزراق تۈنگان با.

كونا ئیدارە زامانیدا یەتتە سو تۈنگانلیری ئۈچ بولوسقا بۆلونگەن: سوقولوق، قارا قۇغۇز هەم یاركەنت تۈنگان بولوسی.

تۈنگانلانىڭ خیلی برقسمی پشپەك شەری، توقماق هەم قاراقول اویارینىڭ ئردیق دیگەن قشلاقیغا اورناشقان.

شەهەردە اولتوروشلوق تۈنگانلادن باشقا، اون یەدە چوڭ كچیك قشلاقلیری با.

پۈتكۈل توركستانديكى تۈنگانلانڭ سانى تەخمينەن ٥٠ مڭ هيسابلينيدو. بونوڭ ٣٥ مڭى يەتتەسو ولايەتيدا، قالغينى آولياتا هەم پەرغانيدا.

تۈنگانلانڭ ئەساسى ترياك چيليكى ديهقانچيلق، نورغون بر قسمى كۈرۈچ تيريش بلەن ترياك چيلاك قليدو. كوكچيلاك تۈنگان آريسيدا تولا اورون ئيليپ، اوزليرى هەم كوكچيلاك اشيگە اوستالق بلەن مەشهور. تۈنگانلا ديهقانچيلققە پۈختە، ئشلەمچان خلق.

بزنڭ يەتتەسو هەم آلتيشەر - جونغاردا اولتوروشلوق تۈنگانلادا كونادينى خوراپاتلا كەڭ اورون ئيليپ تەرەققييات ئەسەرى سيزيلميدى. يەتتەسو تۈنگانلارى كونا ئيدارە زامانيدا ئەسكەرلككە ئيلينغان سەبەبليك، ئەسكەرى سينپ ارقيليق بر آز مەدەنييەت (ترياك چيلاك ئەساسيدا) تەسيرى سيزيلب كەلدى. تۈنگانلا خيتاى تليغا يقين بر شيوە بلەن سوزليگەنلكدن، تۈركى كيتاب، ئەدەبياتقا يقين ليشاميدى. شۇنوڭ اوچون مللى تەرەققيات يوليغا كرەلميدى. ١٩١٧ ئيل اوزگەروشيگيچە يەتتەسو تۈنگانليريدا بر دانە بولسون تەرتيبلاك ئبتدائى مەكتەب كورونميدى. شۇنداق بولسيما توركستان تۈنگانليرى آز سانلق بولسيما مايدا زيبالى سينپى ييتشيپ، كوزگە چيلققيدەك مەدەنى حەرەكەتدە (خوسوسەن ١٩١٧ ئيللرى) بولوپ ئۆدى.

توركستان ئولكەسيدە آلتيشەرلكلە (قاشقارلقلا) يەرلياك سانالماى هەمميسى آلتيشەردن (شەرقى توركستاندن) كوچوب كەلگەن موهاجرلادن ئيبارەت. پەرغانە ويلايەتيدە «ئاسكى كاشغارلق» ناميدا ٥٠-٦٠ ئلدن بيرى اولتورەشلوق نورغون يەرلياك آلتيشەرلكلە با.

توركستانديكى آلتيشەرلكلەنڭ سانى ٣٠٠ مڭدىن يقين هيسابلينيدو.

بۇنلەرن: پەرغانيدا ــ تەخمينەن ٢٥٠ ماڭ، يەتتەسودا ٢٠ ماڭ، سردەريادا ٣٠ ماڭ. قالغينى باشقا [illegible] ئينيق ئەساسى ـ تەخمينلان).

توركستان ئولكەسيدە [illegible]
آلتيشەر [illegible]
زوامى. بولاڭ ـ تاليكى نەتيجەسيدە [illegible]

تۈنگانلادا [illegible]ك چيلك وا [illegible]نى - مائاريپ اشلرى

آلتيشەرلكلە

[illegible]شەرلكلەدە تريك. [illegible]لك وا مەدەنى- [illegible]اريپ اشلرى.



توركستان ئويغور كاممونيستلارى مەركەز بيوراسينىڭ ئەعزاسى
بورادەر قادر ھاجى ھاشم ھاجى اوغلى.

باغ - وارانلريدن آجريلب، پەقيرليشب اوقەت - تريكچيلك ازلە
چققان كەمبەغەل ديھقانلا، باتراك - مەرديكالادن ئيبارەتدر.
سوديگەرلك اوچون چققان آلتيشەلكلە آز. بولانىڭ ھ
نۇرغون بر قسمى توركستاندا دەوامەت اولتاماى آلتيشەر - جۇنغ
ھەم توركستان آريسيدا قاتناب ژۇگەن ،،كوچمەن،، سوديگەرلەر
ئيبارەت. توركستانديكى آلتيشەرلكلەنىڭ كەمبەغەل وا ئشچيلريد
ۋالا نورغون بر قسمى پارچە قول ھونەر وا كەسب بلەن تريك
چيلگينى كيچومەكدە. (تۇماقچى، آشپەز، موزدوزلق وا باشقا)
پەرغانيديكى ،،ئەسكى كاشغارلق،، آتالغان كوبچيلك آلتيشەلك
اوى - جاى، يەر - سوغا وا بەئزەن آيروم قشلاقلاغا ايگە بوغ
سەبەبدن ديھقانچيلق بلەن كۇن كورۇدۇ.
توركستاندا اولتوروشلوق آلتيشەرلك كەمبەغەللە ختاى اسن
ـداديدن قيچب كەلگەن بولسيما بو يەردە ھەم ختاى آقساقاللر
ھەم ساتليق قۇيرۇقليرى - بايليرىدن تامام آزاد بولامبدى.

كونا نيكالاى ئيداريسى آقساقاللاغا ياردەم بېريب. اولاغا كەمبەغەللەنى يەب - ئيچب. قاراڭغولقدا تۇتۇشقا كەڭ يول قويوب بەردى.

آلتيشەردىكى اوغرىلادن نيچب كەلگەن كەمبەغەللە تۈركستاندىكى قاراڭغولاغا تۇتۇلدى.

آلتيشەرلكلەنى ئيدارە قيليش اشيدە آقساقاللا اوز - بەك اوز - خان بولوب، اولانڭ ديگينى ديگەن، ايتقينى - ايتقان ايدى. ئەلبەتتە مۇنداق شەرائيتلانڭ ئيچيدە آلتيشەرلك كەمبەغەللارينڭ مەدەنى وا ماتاريب اشلريدە چوڭ توسالغولا بولوب يول بەميدى.

شۇنداق قيلب كەمبەغەل - مەرديكارلا تريك چيليگينى تەمين قليش بلەن، مۇنەرسەنلە اوز كەسبى بلەن، سوديگەرلە بەعش تيينينى اون قليش بلەن تا مۇرريەتكيچە شو تەريقە كۈن اوتكوزوب كەلدى.

ئەلبەتتە آلتيشەرلك ياشليرينڭ آريسىدا پكر - ئەقل ايگەليرى. غەيرەت واهيمەتلك ياشلا يوق ئەمەس ايدى. براق، اولانڭ دوشمەنليرى، قارا كۈچلە ار زالىمدا اوستون ايدى، چونكى زاليم نيكالاى ئيداريسى قارا كۈچلەنى ياقلاتدى.

نەتيجەدە ١٩١٧ نچى ژىلغيچە تۈركستاندىكى ٣٠٠ مڭ ساندا ايگە بولغان آلتيشەرلكلە مەدەنييەت - ماتاريبدن مەحروم قالدى.

پۈتكول روسييە خەلقينى ئويغۇدن اوغاتقان زولوم استبدادقا قارشى قوزغاتقان پيورال اورگوروشى، ئويغور خەلقلرى آريسىدا ئەڭ آوال ياشلاغا تەسير بەدى. ئەڭ آوال ياشلانى آياققا باستوىكى.

ئەڭ آوال پيورال اينقيلابى مەدەنى وا ماتاريبقا كەڭ يول آچدى. ١٩١٧ نچى ژيلى يەتتە سو تارانچيلرى آريسىدا [illegible] مەكتەبلەر كوپەيدى. ليكين ئشچى وا ديهقانلانڭ قولى [illegible] ايلمينغان پيورال هۆررييەتى بايلانڭ قوليدا اوز [illegible] اورناشتوروش اوچون قورال بولوب قالدى.

يەتتەسو تارانچيلارى آريسىدا [illegible] تيگە - بور تيگەنلە تارانچى كەمبەغەللارينڭ [illegible] آلدى. يەتتەسودا ١٩١٧ ژيلى [illegible] كاميتيتى هەم ١٩١٨ نچى ژيليڭ [illegible] تۇنگان ولايەت سپارى [illegible]

پيورال اوزگو-
[illegible]رشيده ئويغور
خەلقلرى.

سازیغا ئۇسۇل اوینیواقدن باشقیغا یاریمیدی. مەحکیمەئی شەرعیبه وا شەیخۇل ئیسلام حەققیدە مۇنازیرە قلیشدن نیری اوتمیدی.

بو مەسئیلە چۇریسیدە «ژۇت یاشیلری» بریکیب، ئەترابیغا بای ـ آخۇنـلانی توپـلاب، حەقیقی اوزگوروشچی بوغان یاشلاغا ییقنـلاشماق اورنیدا. کـونـکو بایـلانـنك «اوماش قارینیدا» قاینیدی.

نەتیجیدە تارانچی ـ تۇنـگان خەلقینـنك ئجتمائی، مـەدەنی اشلرینی قولیغا آلیدیغان یاشـلا «ژۇت یاشیلری» آلدیدە «ئەدەب ساقلاب» بر ژیل اومرنی اوتکەزدی.

شۇنداق قلیب پیورال ئینقیلابی دەوریدە خەلقنك ئجتمائی تورموشیدا «ئەتدولك ـ اشلیدولك» دەب هیـکایە قلیب بەگیدەك ئەمەلییاتدا بر اش کورولمیدی.

ئۇکتابر اوزگو-روشی هەم ئۇیغۇرلا.

ئەلبەتتە پیورال اوزگورۇشی کونکو ئۇیغور خەلقیغە اوزینك تەسیرینی کوسەتدی. ئۇیغور خەلقینك ئۇقۇملوق بر قسمینك کوزینی آچدی. خۇسۇسەن مائاریپ یولیدا یەتتە سو تارانچیلری آریسیدە چولك هەریکەت باشلاندی. زورراق تارانچی قشلاقلریدا بری کەینیدن بری تەرتیبلك ابتدائی (باشلانغوچ) مەکتەبلە ئیچیلدی. یاشلا، تەرەققی پەروەر چوکلا بلەن بریکیب مەکتەب وا مائاریپ اشلریگە مەککە تۇتۇندی. پیورال اوزگوروشی دەوریدە آلتیشەرلکلەر آریسیدە تەشکیلات یوق ایدی.

ولایەت تارانچی ـ تونـگان کامیتەتی اوزینك اومریدە (اوکتابر اوز گوریشیگیچە) خەلققە سەیاسی آك بیریش یولیدا ئشلەمیدی. کوپچیلـکـکە باققاندا «تیکزدن بر تامچا» دیگەندەك آزلق تەشکیل قیغان ئۇقۇملۇق سینپدن باشقا خەلق «زامان حال» دن خەبەرسز ایدی. خەلق باشلقلری «بایلیق ایدیئا لوگییە» سینك قوۋەتلیك تەسیری آستیدا ایدی. ئەلبەتتە مۇنداق شەرائیتنـنك اچیدە یاشیغان خەلق اوکتابر اوزگوروشی هەم اینیك مەقسەدلریدن ئیراق ایدی.

کەمبەغەل، دیهقانچی خەلق اوزینك تریكچیلیگیدن باشقا اشی یوق ایدی.

یەتتە سو تارانچی ـ تونـگان کامیتەتی هەم [illegible]
واترناقلیری بلەن اوکتابر اوزگوروشیدن اوزینی [illegible]

بالشیوه‌کله‌نی بۆلاڠچی ـ تالاڠچی اورنیدا کورسیتب. خه‌لققه
دوشمه‌ن قیلیب آڭلیتشقا ترشدی.

ئجتمائی اینقیلاب اوزینڭ اشینی قلدی. ۱۹۱۷ ژیل ۲۵ نچی
اوکتابرده روسییه ئشچی وا دیهقانلاری پۆتکول روسییه‌ده بایلا
هاکمییه‌تینی توزدوروب شورالا هوکومیتینی اورناشتودی.

۱۹۱۸ ژیلی مارت آییدا آلموتودا هاکمییه‌ت ئشچی. دیهقان
هه‌م سالدات وه‌کیللرینڭ شوراسیغا اوتدی.

نیکالای نڭ تایانچیسی قازاق اوروسلا یه‌تته سودا شورالا
هوکومیتیگه قارشی قوزغالدی.

بزنڭ به‌ئز قارا گروه به‌گله نادان. آدلیغان موته‌ئه‌سسیپ ـ
له‌دن ئیباره‌ت بالشیوه‌کله گه قارشی ئه‌سکه‌ری برقیاه توزوشدن
هه‌م یانمیدی (آلموتا اویاریدا).

یامان نه‌تیجه بیریشی اوپ ـ اوچوق توغان بو ئه‌کسیل ـ
اینقیلابی هه‌ریکه‌تکه قارشی ولاییت کامیته‌ت هیچ قاندای ته‌دبیرده
بولونمیدی.

نه‌تیجیده اوز آرا (گراژدانسکی) سوقوش آستیدا گوناهسیز
تارانچی که‌مبه‌غه‌للیری، دیهقانلیری ایزیلدی.

بر مۆنچه خولیگانلا. تارانچی باتراك. مه‌ردیکارلارینڭ کوچیدن
پایدیلینب بایغان اوروس کولاکلیری بانه تیپب تارانچیلانی قرغین ـ
لقغا آلدی.

اون مڭغا یقین تارانچی که‌مبه‌غه‌للیری „ژوت یاخشیلری„
نڭ قارا ته‌شویقاتی، ئه‌کسیل اینقیلابی هه‌م اوز نادانلغیغا قوربان
بولدی.

پۆتکول تریكچیلك. خوجالیقتن آریلدی. ده‌ل شوندای
واقیعه کیینراق سوقولوق هه‌م پشپاك تونگانلارینڭ بیشیدن
که‌چدی.

خه‌لقنڭ آتمش پائیزی نان قوتولدوماق اوچون خنای
یریگه قاچدی.

په‌قه‌ت یه‌تته سودا هاکمییه‌ت حه‌قیقی ئشچی، دیهقان شورالیریغه
اوتوب. بوزوقلا یوقالغاندن کیین قاچاقلا جاییغا قایتدی.

له‌کین بو قاچاقلا پۆتکول روزگاریدن آیریلغان سه‌وه‌بلیك
ایغیر په‌قیرچیلککه قالدی.

اوكتابر اوزگوروشينڭ برنچى ژىللرى يەتتەسوديكى ئويغور
جەمىيەتلىرى آريسيدا تەشكيلات وا مائاريپ اشلريگە اورون
بومای. بەلكى پۈتون ايعتيبار هەم كۈچ خەلقنى جاييغا اورناشتووش.
آيلانى باقماق. بوزولغان تريكچيلكنى تۈزەش يوليغا سەرپ قيلندى.
هەر حالدا بو واقيئە هەم ئولوغ ئجتماعى اوزگوروشنڭ
تەسيرى بر مۇنچە ئويغور ياشلرينڭ كوزينى آچدى.
"ميللى بەگلە"، "ميللى بايلا" هەم "ژوت ياخشيلرى"نى اوبدان
تونوتدى. اولانڭ "ميللى خزميتى" ئەمەلياتدا اوبدان سنالدى.
پۈتكول ئويغور يوقسول خەلقينڭ تەريخى وا بو كيينكى آچچيق
تەجريبەلە مينەتكەش ئويغور ياشلريغا بر حەقيقەتنى ئيچيب بەردى:
او هەم - "مينەتكەش ئويغور خەلقينڭ كەلگوسى بەختليك
كۈنلىرى، ميللى مەدەنييەتى. تەرەققيياتى، پەقەت ئجتماعى
اوزگوروشدە، پەقەت كاموىنيست (بالشيوەك) پارتيەسينڭ يولباشچى-
ليغى بلەن ياشاشدا" ديگەن حەقيقەت ايدى.
مينەتكەش ئويغور ياشليرى موشو حەقيقەتكە مەككەم
ييپشدى. بو ياشلانڭ نۇرغون بر قيسمى يوقاقى حەقيقەتنى
ئەمەلگە قويوش يوليدا سيياتلىق بلەن بالشيوەك پارتييەسيغا
كريب كەتدى.
ئومريدە زۇلۇم - جەبر، مينەتدن باش كوتەمىگەن ئويغور
خەلقينڭ تەريخى تەييارلاب كەلگەن تەبيعى كامونيستلە (بالشيوەكلە)-
گە اوكتابر اوزگوروشى كەڭ مەيدان بردى. اولانڭ ئەمەلياتدا
حەقيقى كامونيست بولوب تەييارلينب بيريشيغا اورون بەدى.

ئجتماعييون تارانچى ياشلرينڭ "ئويغور" جەمعييەتى.

برنچى "ئويغور" جەمعييەتى نڭ تۈزۈليشى.

ئويغور يوقسوللريدن كامونيستلانى ييتشتوگەن - اوكتابر
اوزگوروشى، ئويغور ياش كامونيستلرينڭ آلديغا ييڭى يول،
ييڭى مەسئيلەلەنى قويدى. برنچى ئويغور كامونيستلرينڭ ميللى
اشلەر ئەتراپيدا باش قوشميغى كيرەك ايدى.
بر ئويوشما، جەمعييەت آرقيلق باش قوشوب ييڭى كۈچلەنى
جەلب قيليش، اشتراكيون تەربيەسى ايليش هەم يوقسوللاغا ييڭى
ئجتماعى تورموش روحيدا تەربيە بيريش لازم تيپلدى.
٣ - ٤ ئويغور كامونيستلرينڭ تەشەببوسى بلەن بر قەدەر

ياشلا جەم بولوب ,,ئجتماعييون ئويغور ياشلرينىڭ ,,ئويغور,,
جەمعييەتی,, ناميدا بر ئويوشما توزەلدی.

١٩١٩ ژيل ٢ نچی ييورالدا برنچی مەرتيبە ئەعزا بولوب
ئويوشمانی توزگوچيلە:

١) سوپی زەروەت (ئوالدی)
٢) خوجا ئەكبەر موحەممەدی.
٣) اسماعيل تاهيری.
٤) آبدولەەی موحەممەدی.
٥) آبدوللا روزيباقی.
٦) سائادەت روزيباقييوا.
٧) عائشە موحەممەدييوا.
٨) ئەمين آخون ئەبابەكری.
٩) يوسوپ ئەهمەدی.

(توزگوچی ئەعزالانڭ اسپسەسی يوقالغان سەبەبليك ئيسمی
اونتولغان بر نەچچە بورادەرلەر بو يەردە بيزيلماي قالدی).

١٩١٩ نچی ژيلی جەمئييەت ياگليباشدن توزولدی. مونوڭ
سەبەبی جەمئييەتنڭ مەقسەدلريگە چەت بوغان ياكی اشقا سالقن
قارايدیغان ئەدەملە كوپەيگەن.

بولا هەمميسی چقريليب ياگليباشدن توزولگەن جەمئييەتكە
١٧ ئەدەم كردی.

يوقاقيلادن باشقا بو ١٧ گە تووەندیكی ييگی ئەعزالا قوشولدی:

١) سەلاحيددين قاسيمف.
٢) تەيب سابيری.
٣) اوسمان نادیری.
٤) اسلام هاشيمی.
٥) موسەللیم روزی.
٦) توختاخون هاشيمی.
٧) هيزم تاهيری.
٨) آبدوللا جان حەسەنی (اوزبەك)

اورينڭ مەدەنی كوچلريگە وا زاماليغا باريشا ,,ئجتماعييون
تارانچی ياشلرينڭ ,,ئويغور,, جەمئييەتی,, تووەندیكی مەقسەدلەرنی
كوزلەب اشكە كرشدی:

١) ئوموەن ئویغور خەلقلرینی. خوسوسەن اوز ئەعزالرینی
ییکی ئجتمائی تورموش ..ساتسیالیزم" بلەن تونوشتورماق:
٢) ئویغور خەلقلرینك مەدەنییەت وا تەرەققییاتیغا زمرملك
بوغان یامان ئادەت، ئوروپلەنی، نادانلقنی یوقوتوش:
٣) ئویغور خوتون ـ قزلرینك ئینسانی، ئجتمائی هەم ئائیلەوی
هۇقوقلرینی هیمایە ئەتمەك وا باشقیلا...

جەمئییەتکە پەقەت ساتسیالیزم (ئجتمائییون) مەسلەکیدە
بوغان کشیلە قابول قلینب، ئەسکی هۆراپاتلادن چقالمیغان ئەدەملە
قەبول ئیتلمیدی.

جەمئییەتنك قلغان ئشلری

ئەڭ آوال ئیتش کیرەککی، جەمئییەت ایککی آی اچیدە
اوزیگە ایکی یوز ئەعزا ژیغالیدی.

ئەعزا بومیغان یاشلا وا باشقا خەلق آریسیدا ایعتیبار و
ایحترامغا ایگە بولالیدی.

آلموتودا سەککیز یەدە داوام ئەتکەن مەشرەبلە آریسیدا
تەشویقات ژورگوزوب اولانی اوز تەسیرگە آلدی.

اولاغا آلڭ بیریب. اولا آرقیلی شەهەردیکی مەکتەبلەنی یولغا
سالدی.

جەمئییەتکە آلتیشەرلك هەم تونگان یاشلریدن بر نەچچە
یاشلا کردی.

ئویغوردن باشقا میللەت یاشلری. خادملری آریسیدا ئەممییەت
قارینب، اولادن هەم بر نەچچە خادملانی اچیگە آلدی.

شونداق قلیب جەمئییەت ،،ئویغور" یاشلرینك برلەشکەن
ئویوشمیسی اورنینی ایلیب اوزینك خزمەت مەیدانینی کیگەیتە
تەلیدی.

یەتتە سو ولایەتینك باشقا شەرلریدە، قشلاقلریدا جەمئییەتنك
بولیملری ایچیلیب آلموتا مەرکەز اورنیدا اش ژورگوزدی.

جەمئییەتنك برنچی بولیمی رەسمەن ١٩١٩ ژیل ٢٦ مارتدا
بورادەر یاقوب دوگان تەشەببوسی بلەن ئەڭ آوال مالیبای قشلاغیدا
ایچیلدی. آندن کیین قارلسو، قورام بولوسلریدا، پارکەنت
شەریدە هەم لوپاریدا ایچیلدی.

١٩٢٠ ـ ژیلنك باشلریدا هەر [illegible]
جەمئییەتنك بولیملری [illegible]

„ئويغور“ جەمئييەتينىڭ آز زامان اچيدە تەسيرى آرتيشى، تەشكيلاتلرينىڭ كوپييشى تولا كوچ واخزمەت تەلەب قلدى.

شونوڭ اوچون آلموتوديكى مەركەز جەمئييەت اوز يىنيدا توۋەن-دىكى بوليملەرنى تۈزەب اشلايدى:

١) ئويغورلا آريسيدا مائاريپ تاريتيش بوليمى.

٢) موزيقە ھەم درام سەكسيەسى.

٣). ئەدەبييات بوليمى.

١. مائاريپ تاريتيش بوليمى: بو بوليم ئڭ آول جەم-ئييەت ئەعزالرى ھەم باشقا ئويغور كەمبەغەللرى اوچون ساۋادسز-لقنى يوقوتوش كورسى آچدى.

آلموتودا ئويغور كوتۈبخانە-قيرائەتخانەسينى ووجودغا كەلتودى.

ھوكومەت مائاريپ مەھكيمەلرى بلەن يقين مونـاسيبەتدە بولوندى.

جەمئييەت تەرەپيدن ولايەت مائاريپ كەلميسارلغيغا كريب موسولمان بوليميدە مۇديرلك قيغان بورادەر روزيباقى آرقيلق بو مۇناسيبەت ياخشى ساقلينب كەلدى.

موئەلليملەر ھازرلەش كورسلاريغا ئويغورلاردن كركزيب، موئەل-ليملەنى ئويغور قشلاقلرينىڭ اھتياجيغا باقا ژوت آريسيغا چقريب تۇدى.

مەكتەبلە تەسيس ئەتدى. ١٩٢٠ ژيلى يەقەت آلموتا اوياز ھەم شەھەريدە ١٨ مەكتەب ايچيلدى.

جەمئييەت اوزينىڭ كوچى يەتكەنچە ئويغور خەلقلرى آر-سيديكى، مەدەنى-مائاريپ اشلاردا يولباشچيلق قيلب كەلدى.

ئويغور ياشلرينىڭ آريسيدا تەشويقات ژورگوزوب مومكن قەدەر ياشلانى تەشكەنت قاتالق يەلە كە اوقوشقا ئەويتيب توتى-وا قوليدن كەلگونچە اولاغا ماددى ياردەم كورسيتب كەلدى.

٢. موزيقە ھەم درام سەكسيەسى: سەكسيەنىڭ برنچى نوبەتديكى اشى ئويغور تليدا تياترو ئەسەرلرى ھازرلاش ايدى.

جەمئييەت نامىدن تاپشورلوب بورادەر ئەميرى تەرەپيدن اوزبەكچە „مەزاومە خاتون“ ھەم „بەدەر كوش“ پيەسەلرى ئويغور تليغا تەرجيمە قيلندى.

بۇرادەر روز بىياقى تەرمىدىن ...مەنسەپ پەرەستلىك بالاسى
ناميدا ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىن ئايىنغان بىر دراما يېزىلدى.
ئۇيغۇر ھەۋەسكارلەريدىن تىياتر تروپپاسى تۈزۈلدى.
نەتيجىدە ئۇيغۇر تلىدا بەش اسپەكتاكىل ايكى مەرتيبە
كانسەرت بىرلدى.

٣. ئەدەبييات وا تەريخ بوليمى: يوقوريدا ايتيلغان ٣ پيەسە
سەدن باشقا ھەر بر ايقتيدارلق جەمئييەت ئەعزاسيغا تاپشورولوب
ئۇيغور خەلقى‌نىڭ تەريخيغە عائيد ماتيرييالا، خەلق ئەدەبيياتى،
ئەعزالانىڭ يازغان پارچە ئەسەرليرى بر قەدەر توپلاندى.

لەيكين بو بوليم آرتوق نەتيجە بيرەلميدى.

مونوڭ سەبەبليرى:

١) جەمئييەتنىڭ ئەدەبييات اشلريدا خزميتى ييتەرلك ئەعزالريدىن بر قيسمى تاشكەنتكە اوقوشقا ئەويتيلدى.

٢) اشلەيديغان ئەعزالانىڭ نۆرغون بر قسمى تورلوك ھوكومەت مەحكيمەلريگە كريب كەتكەنلكدن. اولا جەمئييەتنىڭ ئوموم اشلريدىن باشقا ئەدەبييات اشلريغا كوب قارالميدى.

٣) جەمئييەتدە سەرمايە (پۇل) يوقليغى.

بو اشلادىن باشقا ئۇيغور خەلقى‌نىڭ سەياسى وا ايقتيسادى
اشلريدا ھەم باشقوروش جەھەتيدىن جەمئييەت بر قەدەر خزمەت
يەتكوزەليدى.

مەسەلەن: سەياسى داكلاد ھەم لەكسييەلە آرقيليق ئەعزالاغا
سەياسى بلىم بيريليب، جەمئييەتنىڭ كوپچى‌ليگى كاممونيست
- بالشيويك پارتييايسيغا كرگزيلدى.

١٩١٩ ژيل آلتيشەرلك كەمبەغەللرىنىڭ آريسيدا باشلانغان
اينقيلابى حەرەكەتكە آريليشب ياردەمليشب كەلدى.

جەمئييەت ١٩٢١ نچى ژيل ايیون آييدا توركستانديكى ئۇيغور
كەمبەغەللرىنىڭ تاشكەنتدە بوغان برنچى ئولكە سيازى‌نىڭ توقتامى
بلەن، ،،آلتيشە-جۇنغار اينقيلابچى‌لرينىڭ،،ئۇيغور:: سايوزيغا اورولوب
قوشولوب، آيروم ياشاشدن توقتيدى.

التیشەرلك كەمبەغەللری اریسیدیكی حەرەكەت

(آلتیشەلك ئشچیلانڭ سایوزی)

روسییە اوكتابر ئجتمائی اوزگوریشی (اینقیلابی) توركستان ئولكەسیدیكی آلتشەلك یوقسوللانی، مەینەتكەشلەنی هەم اویغاتدی. آلتیشەلك مەینەتكەشلە آریسیدا سینپی آڭ تاریلیپ آقساقاللاغا، قارا گروهلاغا قارشی حەرەكەت باشلاندی.

١٩١٨ نچی ژیلنڭ ایخیریدا (دیكابر آیلیریدا) بورادەر قادر حاجی ساسم حاجی اوغلی (حازر ئویغور كاممونیستاریڭ مەركەز بیورا ئەعزاسی)، موسا آخون ئەیسا حاجی اوغلی، رەجەب اسماعیل اوغلیلری باشلیق آلتیشەرلكلە آلموتودیكی ختای آقساقالی حاپیز آخون ئەمینف اوغلیڭ اورنیدن چوشوشنی تەلەب قلدی. مەقسەت آلتیشەرلكلەنڭ مەدەنییەتیگە چالیشقان پكرلك بر ئەدەمنی قویماق ایدی، چونكی حاپیز آقساقال ئەڭ برنچی خنایغا سیتلغان قارا گروه بولوب آلتیشەرلك كەمبەغەللەگە تولا زولمی تەككەن ایدی.

بو حەرەكەت پەقەت آقساقاللیق مەنسەبیگە ایگە بولماق ئەمەس، بەلكی آلتیشەلك مەینەتكەشلەنڭ سینپی ئۆقۆمیغا (آگیغا) نیگزلەنگەن ایدی. آقساقال مەینەتكەشلەگە قارشی كۆرەشدە چوڭ سودیگەلەگە، بایلاغا، موتەئەسسیپ روحانیلاغا، اوزینڭ مەینەتكەشلەدن ژیغیپ آغان دۆنیاسیغا تایاندی.

١٩٢٣- ژیلغیچە شو یول بلەن آقساقالیق مەنسەبینی ساقلاپ كەلدی. تەبیعی آقساقاللانڭ (پوتكول توركستاندیكی) بو موەەپەقییەتیگە ئەڭ زور كۆچ بەگەن روسییە بلەن ختای اریسیدیكی موناسیبەت ایدی.

بەینەلمیلەل قائیدەسی بویونچە چەت مەملیكەت وەكیللەری اوز هوكومیتی بلەن اش ژورگوزوب، پەقەت اوز هوكومیتی تەرەپیدن اورنیدن قالدرولوشی مۆمكن. شۇنۇڭ اوچون توركستان ئولكەسیدیكی ختای آقساقاللری موستەبید ختای ایداریسیگە تایینیپ یاشاتدی.

هەر حالدا ختای آقساقاللرینڭ واقتلیق ساقلینپ قیلیپ التیشەلك مەینەتكەشلەرینڭ سینپی حەرەكەتیگە تورالمو بولا؟

مەینەتکەشلەنڭ سینپی ئۇقۇمی. حەرەکەتی کوندن کون اوزینڭ یولینی تیپب کوچەیدی وا کوچەیمەکدە.

برنچی «آلتیشەلك اشچیلانڭ سایوزی»

سایوزنڭ توزولیشی.

تورکستان ئولکەسیدیکی آلتیشەلك مەینەتکەشلەنڭ سینپی حەرەکەتی اوزینڭ یولینی تاپدی.

مەینەتکەشلە برلیشب «آلتیشەلك اشچیلانڭ سایوزی» نامیدا ئۇیۇشما آچدی.

ھەمە ئۇقۇملوق اینقیلابی کوچلە سایوزغا کردی.

ئەڭ آوال سایوز آلموتودا ۱۹۱۹-ژیل پیورال ۲۰ ندە توزولدی. آندن کیین پشپەکدە. یەتتە سو ولایەتی‌نڭ باشقا جایلریدا ھەم ۱۹۱۹ ژیلنڭ آیاقلری وا ۱۹۲۰ ژیلنڭ باشلریدا پوتکول تورکستان ئولکەسیدە سایوزلا ووجودقا کەلدی.

سایوزنڭ کوزەتکەن مەقسەدلری.

ئەڭ آوال توزولوش دەوریدە سایوزنڭ توتقان مەقسیدی کەڭ ئەمەس ایدی.

مانا سایوزنڭ ئەساسی مەقسیدی:

«ختای آقساقاللری، قارا گروھلیری، موتەئەسسیپلاری قولیدا بورونقیدەڭ ایزیلمەکدە بوغان مەینەتکەشلەنی آزاد قیلش، اولانی ئۇیۇمداشتورماق واشو ئۇیۇشما آرقیلق اوز تەقدیرینی-ئەرکینی قولیغا آلماق».

آزاد تورکستان جەمھوریيەتیدە مەینەتکەشلەرنڭ بو مەقسیدیگە یەتمەك اوچون کەڭ مەیدان حازرلانغان ایدی.

سایوزنڭ قیلغان اشی.

سایوزنڭ تەئسیری آلتیشە مینەتکەشلرینڭ آریسیدا کوندن کونگە کوچەیب آز زامانڭ اچیدە یەتتە سو اوبلوسینڭ ھەر بر جایلریدا توزولدی وە اوز اچیگە خیتای استبدادینڭ آمدان زورلغینی تارتقان، «آزادلق اوچون تەن-جانم پدا» دیگەن اویغا کەلگەن حەقیقی اینقیلابچیلانی ایلیب اشلرینی خیلی کەڭ اولچەودە، موۋەپپقییەتلك بلەن ایلیب ماڭدی.

اورونلادیکی سایوزلانی بیریکتوروب وەاولانڭ اشیغا باش بولوب، یول کورسیتیدیغان ئەلاھیدە بر مەرکەزنڭ کیرەکلگی سیزلگەچ، «یەتتی سو بەینەل میلەل تەشویقات بولومینڭ» اجتهادی بلەن ۱۹۲۰ نچی ژیلی دیکابیرنڭ آیاقلریغا تاقاب سایوزلانڭ برنچی اوبلوستنای سیازی ایچلدی.

سیازغا آلموتا. پشپك. قاراقول. یەركەنت سایوزلریدن ۱۰-۱۸-۱ كه یقین وەكیللەر اشتراك قیلدی. سیازدا قارالغان مەسئلەلەر هەم پدقەت تەشكیلات مەسئیلەلەری (سایوزنك مقسد مرامی‌نی بەلگیلەش. نیزامنامەسینی توزەش) بولیب وە سایوزنك ویلایەت مەركەزینی سایلاب قالدوردی.

سیازدن كەین اورونلاردیكی تەشكیلاتلا بر قالیپقا سالینب اشلری خیلی كەڭەیتلدی. آیواقیتقا اوخشاش پوتون اشی یاشلار آقساقاللاغا قارشی كورەشش بلەن بولماستن وە بالاری آتزالارنك آراسیغا آڭ تارتیش وە اینقیلابی روحدە تەربیەلەش هەم اولانڭ هەقنی حمایە قیلش. ترەكچیلك اشلریدا یولباشچی بولوشقا اوخشاش مقسەتلەرنی توتدی.

سایوزلار یەتتە سودن باشقا توركوستان جەمهوریەتینك باشقا اوبلوسلریدا هەم توزولوب كوپەیمەككە باشلیدی. براق بو تەشكیلاتنك كوزلیگەن مقسیتی وە سیاسی احوالی (СНТ) ЗШБ) توركوستاننڭ اوریدە بولغان سیاسی وە ایقتیسادی تەشكیلاتلاردن اوزگیچە بوغانلغیدن توركوستان اولچەویدە سایوزنك آلایدن بر مەركەزی بولوشی لازم تاپیلیب. ۱۹۲۱ نچی یلینك ایون آییغا تاشكەنتگە برنچی كرای سیازی چاقرلدی. سیازغا توركستاننك هەر بر اوبلاسلریدا توزلگەن آلتیشە مینتكەلری سایوزلرینك وەكیللریدن باشقا یەتتە سودیكی او واقتیچە آلایتەن یاشاب كەلگەن. تارانچی یاشلرینك اویغور جەمئیەتیدن وە توڭگانلاردن هەم ئەلامیدە وەكیللەر چاقرلغان ایدی.

بو سیاز ایونىك ۳ دن ایچیلیب ۹ غیچە داوام قیلیب سیازنك آلدیغا قویولغان مەسئیلەلەرنی توغری حل قیلیب اوتدی وە شو سیازنك توختامی بویونچە سایوزلاغا اوستاف. پراگرام توزلدی. تارانچی یاشلرینك اویغور جەمئیەسی بتریلیب سایوزغا قوشولدی وە توركوستاننك هەر بر اورونلریدا قاشقارلق. تارانچی. توڭگانلاردن ئیبارەت «آلتیشە-جونغاریە مینتكەلرینك اینقیلابی اویغور سایوزی» دیگەن نامدا تەشكیلاتلا توزمككە قارار بولوندی.

سیاز تەرەپیدن ۳ نچی بەینەلمیلەلنك ۳ نچی سیازیغا اوچ دانە وەكیل ئەوەتلدی.

هەم سیاز واختیدا. سایوزنك ناشر افكاری قیلیب «كەمبیغەللەر

چی كرایوای
زی وا اویغور
نیەتینكسایوز-
قوشولیشی

آواری» گەزیتینڭ برنچی نومرینی چیقاردی وە ایلك آخیری
٧ کیشیدن مورەککەب سایوزنڭ مەرکەز کامیتەتینی سایلاب
قالدوردی.

بو سیازنڭ کورسەتکەن چوڭ خیزمیتی بر یاقدن بو کوز-
گوچە بوتون تورکوستاننڭ هەر بر بولوڭ پوچقاقلریدا بیشی
برگە قوشولماسدن چاچیلب، تارالیب یورگەن اویغور مینەتکەشلرینی
بیریکتورگەن بولسا ایکنچیدن آلتیشەھر-جونغارییەنڭ **آزادلغی**
اوچون ئەساسلق ترەککی سالیب قالدورغانلغیدور.

سایوز مەرکەزی کامیتەتینڭ بترلیشی.

براق مەرکەز کامیتەت تولا اوزاققا داوام ایتە آلمیدی.
کامیتەتنڭ رەئیسلیگیگە سایلانغان بورادەر روزیباقییف سیکانڭ
توختامی بویونچە یەتتی سونڭ اوزیدە قالدورولدی وە قالغان
آئزالرینڭ کوپیسی اورونلاغا تا قالیب، مەرکەز کامیتەتنڭ
اشینی جوڭقارغیدەك کشی تاپامیدی. آنڭ اوستیگە مەرکەز
کامیتەتنڭ ایکی آعزاسی (مەھموتوف، بولات غوجایف) بر تورۆك
آفیتسەرینڭ قوتقوسی بلەن باسماچی یاقیغا قاچیب کیتشی وە
ھەممەدن آرتوق، سایوزنڭ سەیاسی مەوقیعی (НТУЗИН) شورالار
ھوکومەتینڭ خارجی سەیاسەتیگە توغری کەلمیگەنلگیدن، مەرکەز
پارتیە کامیتەتی تەرەپیدن سایوزنڭ مەرکەز کامیتەتی بلەن یەتتە-
سودیکی سایوزلادن باشقا، تورکوستان جەمھورییەتینڭ باشقا اورنلادیکی
سایوزلا یاپلدی.

سایوز آئزالرینڭ اچیدیکی ھونەرمەندلە، کاسبلا (پرافسایوز)
سایوزیغا کامونیستلا بولسا اوز آلدیغا ئەلامیدە یاچەیکەلە تەشکیل
قیلیب ئویغور سایوزلری یوقاتللدی.

یەتتی سودیکی ایکوم اویغور وە اویغور کاممونیس- تلرینڭ برنچی ئلاستنوی کانفیرین- سیەسیی.

یەتتی سودا اویغور سایوزلری یاپتورولماسدن اوز اورنیدا
قالدورولسیمۇ، براق بو سایوز آرقیلی اینقیلابی اشلانی
یورتوش توغری، کەلمیگەنلگیدن وە اونوڭ اوستیگە سەیاسی، ایقتیسادی
یاقدن کەڭرەك یولنی توتقان قوشچی سایوزلری توزەلمەککە
باشلینشی بلەن، باگعوز اویغورلا اوز آلدیغا آلایتەن بر تەشکیلات
بولوب یاشاشی سەیاسەت یاقیدن وە خوسوسەن ایقتیساد تەرەپیدن
پایداسز تاپلغانلغیدن، یەتتی سودیکی سایوزلانی ھەم بترش
دیگەن مەسئیلە کوتەرلدی.

ھەم اول سایوزلانڭ اورنیغا اویغورلا آراسیدا قوشچی سایوز-

لرینی آچشقا وەاویغورلانڭ آراسیدیکی پارتیە اشلرینی آلایتان باشقارش اوچون پارتیە کامیتەتلری یانیدە، «اویغور کاممونیست-لرینڭ سیکسیەلری» توزەشکە ماقول تاپلدی.

بو مەسئیلەنی تەکشیرەش اوچون وە ئوموەن موندن کیینکی اویغورلانڭ آراسیدیکی اشلادا مەئلوم بر یولنی تاپلاش مەخسیتی بلەن ۱۹۲۲ نچی ژیلی ایبول آییدا آلموتودا اویغور کاممونیست-لرینڭ برنچی آبلاستنوی کانفیرینسیەسی چاقرلدی.

کانفیرینسیەگە ۳۰-٤۰ قە یقین وەکیللە اشتراك ئیلیپ پارتیە اشلری مەسئیلەلریدە ئەهمیەتلك توقتاملانی چیقاردی.

کانفیرینسیە هەم اویغور سایوزلرینی قوشچی سایوزلریغا قوشوشنی ماقول کوردی. شونوڭدن کیین یەتتی سودیکی اویغور سایوزلری قوشچیلاغا قوشلوب. اویغور قوشچیلری هەمهەر برهەتدن باشقیلا بلەن بر قاتاردا پایدالانماقغا باشلیدی.

اویغور خەلقینڭ تورموشی وە توروپ-ئادەت ایرساقلری اولانڭ آراسیدیکی حوکومەت وە جەمائەت اشلریدا هەم آیرم اوسول-لانی تەلەب قیلیدور. شونوڭغا اویغورلانی حازرگی یڭی تورموشنی توزوش اشیدە باشقیلا بلەن بر قاتاردا اپلیپ بارش وا نیوشلك حوکومەت مەحکیمەلریگە وە جەمائەت تەشکیلاتلریغا اویغورلار آراسیدا اش یورتوشدە یاردەمچی بولوش اوچون آلایتان بر مەرکەز کیرەك تاپلغانلغیدن، یەتتی سودیکی (حازرکی واقتدا سردەریا، پەرغانە اوبلوسلریدیما) پارتیە کامیتەتلری ینیدە آلایتان اویغور کاممونیستاری سیکسیەلری وە بیورالری توزولگەندور. بو سیکسیەلەنڭ برنچی وەزیپەسی اویغورلار آراسیدیکی پارتیە اشلریدا یواباشچی بولوش بولسا، ایکنچیدن اورونلادیکی پارتیە اویوملری آرقیلی ئوموەی (حوکومەت هەمژوتارچیلق) اشلادا هەم یواباشچیلق قیلشدور.

حازرکی واقتا یەتتی سو آبکوم پارتیەسی ینیدا «اویغور کاممونیستلرینڭ کرای بیوراسی» بولوب. بونوڭغا مەرکەز ماەتوریە-یەت اولچەویدە اش یورتوشکە حەق بیریلگەندور. بونوڭدن باشقا اویغور خەلقلری بولغان هەر بر ایونلادیکی پارتیە کامیتەت-لری ینیدە بردەن اویغور اینستروکتورلری بولوب کرای بیوراسنڭ کورسەتمەسی وە پارتیە کامیتەتلرینڭ یاردەمی بلەن اویغورلار آراسیدا اش یورتمەکدەدورلەر.

كرايبيورا اوزينك يلدن آرتوق داوامنده اويغورلا آراسيدا سەياسی وە خوسوسەن مەدەنی ـ مائاريپ جەمەتيدن خيلی چوك اسلانی كورسەتدی. ئەلبەتتە حازرگيچە اشلەنگەن اشلا ئوموما احتياجيمز وە كەمچيلگيمزگە قارافاندا، ناھاييتی آز كورونسيما، لەيكن كوچيمزنی ايتيبارغا آلفاندا، ھەر حالدا ,,آزدن نورغونغا,, قائيدەسی بوبونچە قەنائەتلەندورورلك.

موندن كيينكی وەزيپەلەرمز بولسا اول ھەم برنچيدن اورنلادا پارتيە تەشكيلاتلرينی جونلەب اولانی اشكە ياراقلق آحوالغا يەتكوزوب، اويغور مينەتكەشلری آراسيديكی سەياسی، مەدەنی ـ مائاريپ وە خوسوسەن ايقتيسادی اشلادا چوك يولباشچيلق وەزيـ. پەسينی اورونغا قويماقدور. كرايبيورا اوزينك ٢٤ نچی ژيل اوچون توزوگەن اش پلانيدا، بو حەقدە تيوشلوك چارەلەر تەيذـ. لەنگەن.

مونوگدن كيينكی بزنك وەزيپەمز كوچنی بيريكتوروب، ايتتپاقنی كوچەيتيب. ھەممە كوچيمزنی شول يوقارقی وەزيپەلەنی اوز واقتی بلەن ئەمەلگە چيقارشدا ـ سەرپ قيلماقيمزدا.

ئابدوللا روزيباقی.



ئيدارەدن:

بەش ژيللق ھيساب بورادەر ئابدوللا روزيباقی تەرەپيدن ١٣٤ ـ بەتدە ,,سايوزنك قلغان ئشی,, ديگەن يەگيچە ييزلب كەسيما، براق، روزيباقی بورادەر تاشكەنگە ئالدراشلق ميكب كەتكەن سەوەبلك، اونك ئاييغی بورادەر تاھيری تەرەپيدن ييزلدی.



رلوك ماوزوعلادا

لينينگرادادا (پيتروغراد)

(سەياھەت خاتيرەلريدن)

بويل قش راژديستوا بەيرەمى موناسيبەتى بلەن مەسكاو ئوقوغوچيلريغا بيرلگەن
لق تەئتيل (بوش) واقتدن پايدىلينب مەن ئيكسقورسيە (سەياھەت) قلب پيتراغرادقا
ن كەلدم. بو سەياھەت ماڭا كوب نەرسە بەسيما، بو اورندا بزنڭ ئوچون كيرەك
ل بر پاچەسينى يازماقچى بولدم.
ماڭا ئوخشاش سەياھەت بلەن باغان شەرق دارلپنونى ئوقوغوچيسى شيريپ جيليلپ.
اغراديكى ئوقوغوچيلرمزدن ئومەر قاسيم ھەم ئەخمەد شوكورف توتيلەن كونا
ور تلى وە ئەدەبياتى بلەن مەشغول بولوب يورگەن ئاتاقلق پراپيسور س. پ.
يقا بادوق. تونوشلق بيريب ھەم ئوزمزنڭ بو كشى بلەن بر ئاز ھەمسوھبەتدە
وش ئوچون كەگەنلگمزنى بلدوگەندن كيين بزنى ياخشى خوشخويلق بلەن قارشى
دى. ئولتروب كوب پاراڭ قلشدوق.
پراپيسور مالوپ ئوزينڭ كوبدن بيرى كونا ئويغور تلى وە ئەدەبياتى ئاقيسيدا
يلك يورگەنلگينى، ئالتيشەنڭ ھەممە ييريدە بوغانلغينى ھەم كاتتا پراپيسور رادلوپنڭ
ى شاگردى ئيكەنلگينى بلدوردى. قوليديكى ئوزينڭ پەقەت ئويغورلا توغريسىدا
ن ماتيريالليرينى، بيسلغان ئەسەرلريني، باشقا پراپيسورلانڭ كوب ئەسەرلريني كوسەتدى.
مدەك كونا ئويغور تلى وە ئەدەبياتى توغريسيدا خيلى كوچينى چقاغان كشى ئيكەن.
ماتيريال ييتەرلك، تولا. بزگە كوسەتكەنلرينڭ ئچيدە ..قوداتقو بيلك.. ئوز ئويغورچيسى،
چيغا تەرجيمىسى وا بو كتاب توغريسيدا تورلوك ئالملانڭ پكرلرى. ئوز تەرەپيدن
لن كونا ئويغورچە تورلوك، تورلوكچە قول يازميلا، تاريخى داكومينتلا ھەم
ئبدى.
ئاز زاماندا ئوزينڭ كونا ئويغورچە - روسچە لوغەتينى ھەم كوروب قالارمز،
بلكى شونڭ بلەن بللە كونا ئويغور ئەدەبياتى توغريسيديكى كچكينە كتابچە
ڭ ئوقوغوچيلرمزنڭ برى تەرەپيدن ئوز تلمزغا تەرجمە قلنغانلغينى ھەم كورەرمز.
لن باشقا كوب، كوب ئشلا پراپيسور مالوپنڭ ئالديدا توغانلغى كورينەدو.

پراپیسور مالوپ کونا ئویغور تلینی کامل بلشی بلەن بللە هازرقی کوندە شەرق ئینستیتوتیدا کونا ئویغور تلیدن دەرس بیریدیکەن. (شاگردلارینڭ قایبرلری بلەن تونوشدق. هەر قایوسی کونا ئویغورچە بوتوك ـ ییزق (خەت ـ یازو) لانی ئوقوب کوسەتدی. هەر قایوسی دقەتلرمزنی جەلب قلدی).

موندن باشقا پراپیسور سامایلویچ ئالدیغا بیریب تونوشدوق. بو کشی هەم یاخشی قارشی ئالدی. ئولتروب ئوزاق پاراڭ قلشدوق. ئەمما بو کشی‌نڭ کوپرەك ئیگللەگەن ییقی ئوسمانلی تورکچە بولوب بارلق تورك بالیلریغا شو ئوسمانلی تورکچە تلنی تەقدیم قلیدو. لەیکن ئەلبەتتە بو مومکن بولیدیغان گەپ ئەمەس.

ئازیئاتسکی موزیغا بادوق. بو یەدەما بر مونچە ئالملا بلەن تونوشوب، پاراڭ قلشدوق. هەر قایوسی بزگە کوب قزیقب، تورموش، تریکچیلك وە رەسم ـ یوسونلریمز توغریسیدا کوب سوراشدی. ئچکری ئیلب کریشیب پتون کوتوبخانەنی. کونیدن ـ کونی یغیلب کەلگەن تاریخی داکومینت ـ ماتیریاللانی وا موندن بر نەچچە ئای ئلگری پراپیسور کازلوپ‌نڭ ..ئولگەن شەهەر ـ خاراخوتادن ئیلب قایتقان بارلق ئاسار ئەتیقە ـ قول یازمیلرینی کوسەتدی. قول یازمیلانڭ ئچیدە ئویغورچە ییزیلغان ئەرز، تل خەت (راسپیسکە) گە ئوخشاش خیلی نورغون نەرسیلەنی کودك.

توتنچیسی Музей Антропологии и этнографии دە بولدوق. بو موزیدە کونا ئویغورلانڭ قایبر جابدوقلرینی هەم بر ئەر کشیلك کیومینی کودك. ئەمما کوب دەرەجەدە ئاز. هازرقینڭغا تەکلەشتروب قاریغیدەك هەم ئەمەس. هازرقی اویغورلا توغریسیدا بوسا، تیخی، خودایم ساخلاب، هیچ نەرسە هەتتا قل هەم کورنمەیدو.

موزی باشلقلری ئویغورلانڭ هەر قانداق ئاسار ئەتیقە (کونا آتا، باریلریمزنڭ توتوب کەگەن جابدوق، کیوم، ئەلەی ـ پەلەی نەرسە) لرینی شو موزیغا قاریتب ئەوەتب بیرشنی هەر بر ئویغور بالیسینڭ بوینیغا پەرز هیسابیدا ئاتیدو.

ئابدولەی موهەممەدی.

مەسکاو ١٩٢٤ نچی ژیل ١٥ نچی غینۋار.



بوخارادا اويغورلا

ئالتيشەر ـ جونغارييەدن خيتاي مەئمورلرينڭ جەبر وە زولوملريدن قيچب كەگەن [illegible]ورلانڭ ساني بوخارا شەريدە ٣٠٠ گە ييقين هيسابلينيدو.

اوتتورلريدا اوچوق پيكرلك، ئينقيلابي روهلك وە شونڭ بلەن كەمبەغەل ـ [illegible]تمائييەتي يوليدا خيلي تەجريبەلك كشيلري يوق ئەمەس، لەيكن، بوخارانڭ ئەهوال [illegible]ەرائيتي يار بەميگەنلكدن، اويغورلانڭ سەياسي ـ سنپي ئاڭلريني كۆتۆروش، [illegible]لمي ـ مەدەني دەرەجەلريني يوقورلوتوش هەققيدە بو كيينكي ژيللادا ئالايتەن بر [illegible]شەببۇس كۆرولميگەن ئيدي.

١٩٢٣ ـ نچي ژيل پيورال، مارت ئايلريدا داوام قلغان «رەهبەرلە تەييالاش» كورسيغە بر ـ ئيككي اويغور جيلكلرمز ييزلب اوقيدي. بر بورادەرمز بوخارا باشلا ئتتيپاقيدا ئشلەب ژۆدي.

شونڭ بلەن ١٩٢٣ ـ نچي ژيلنڭ باهاريدا بوخارا هۆكومەت هەيئەتيدە بوغان ئۆزگوروشدن كيين، بوخارا جومهورييەتي ييريدا ياشيغوچي هەر خيل ئاز ميللەتلەنڭ مەدەني ياقلريني تەرەققي قلدوروش، سينپي وە ميللي ئاڭلريني كوتوروش مەسئيلەسي هەم مەيدانغە تاشلينب قالدي.

دەل شو واختا، سەمەرقەن، پەرغانە تەرەپلريدن بوخاراغا كب قاغان اوچوق پيكرلك بر مونچە اويغور بورادەرلەنڭ تەشەببوسلري بلەن بوخاراديكي اويغورلاغا، تۆركوستاندا خوسوسەن يەتتە سودا ياشيغوچي اويغورلانڭ نەشري مەئاريپ تاقيتش هەرەكەتلريدن، پارتيە وە كەسەبەچيلك جەمەتلريدن خيلي مەئلوماتلار بيرلدي.

شونڭ بەرابەريدە بوخارا جومهورييەتيدە ياشيغوچي اويغورلانڭ مينەتكەش، يالغوز كاسب وە پرقەلك (پارتييەدە با) لري ئوچۆن بر سيكسيە بوماقنڭ لازملغي مەئلوم بولدي.

نەهايەت، ١٩٢٣ ژيل ئاغوس، سنتەبر ئايلريدا اويغور كەمبەغەللري اوتتورسيديكي تەشويقات ـ تەرغيبات وە تەشكيلات ئشلريني يولغا سيلش مەسئيلەسي بر نەچچە اويغور بورادەرلەنڭ ئيجتهادي بلەن مەيدانغا قويوارب، بوخارا ئشتراكييون پرقەسينڭ مەسئول دائيرەلريدە بر رەك ئاماقغا [illegible]

نەتیجەدە، بوخارا ئشتراكیيون پرقەسینك مەركەز كامیتەسی تەرەپیدن، بوخارا مەركەزی كەسەبەلەر شوراسی یینیدا اویغور سیكسیەسی توزەشكە قارار قلندی.

اویغور سیكسیەسی تەشكیل قلنشقا قارار چقش بلەن اویغور كەمبەغەللرینك اومومی مەجلیسی بولوب، سیكسیەنك هەیئەت ریياسەتی (پریزیدیومی) نی سایلیدی.

مەزكور هەیئەت ریياسەت توزەلگەن كوندن باشلاب ئیغر شەرائیت ئیچیدە ئشلیگەن بوسیما، سیكسیەدە ئوشبو كۇنگیچە قلغان ئشلرینك موهیملری موشولا:

١) سیكسیەگە ٩٥-١٠٠ چە ئەعزا توپلالیدی.

٢) اوقوش دۇركونی (ماوسیمی) كرش بلەن اویغور سیكسیەسی ئوزینك ١٢-١٣ چە ئەعزاسینی بوخارا پرقە مەكتەبیگە كرگزدی.

٣) ئاز بوسیما تەشكەن، مەسكەو ئشتراكیيون دارلپونونلریغە اوقوغوچیلانی ئەوەتشكە مووافپەق بولدی.

٤) ئەسكی وە یيگی بوخارادیكی اویغورلا اوتتورسیدا ساوادسزلقنی پوتروش ئوچۇن مەئاریپ نەزارەتی (كامیساری) تەرەپیدن «ساوادسزلق مەكتەبینك» بر سنپینی اویغورلا ئوچۇن تەعیین قلدودی.

٥) بوخارا جومهوریيەتینك باشقا شەهەرلریدیكی اویغور مینەتكەشلری بلەن ئەلاقەدار بوماقنك چارەلرینی كۇروشكە باشلیدی.

٦) شولا بلەن بر قاتاردا اویغور سیكسیەسیگە بوخارا شەرائیتینی ئیتیبارغا ئیلب ئالایتەن مەرامنامە (یول-یوروق) تۇزەب، مەركەزی كەسەبەلەر هەیئەتی تەرەپیدن تەسدیق قلدوروب ئەمەلگە قویوشقا كرشدی.

مەرامنامەدە: اویغور سیكسیەسی بوخارا خەلق شورالا جومهوریيەتی توپراغیدا یاشیغوچی اویغور كەمبەغەللرینی ئوز چۇرەسیگە توپلاب، اولانك سەیاسی، سینپی وە ئینقیلابی ئاڭلرینی، مەدەنی جەهەتلرینی كۇتۇروش، اولانك ئوز وە تەن بایلریغا، تەسكریچی هۇكۇمەتلریغا وە بەینەلمیلەل سەرمایە (كاپیتال) دونیاسیغا قارشی كۇرەشلرینی برلەشكەن وە موتەشەككل بوغان بر سۇرەتدە ئیلب بیرش، اولانك اوتتورسیدا هەرخیل یوللا بلەن ئیلم-مەئاریپ تاقیتش ئشلرینی مەقسەت قلب، سەیاسی ساوادمەكتەبلری ئیچشقا تەشویقی-تەرغیبی ئەدەبییات نەشر ئیتشكە، قرائەتخانە، قزل چایخانە وە موساپر خانیلا وجودقا كەلتۇرۇشكە، خیزمەت ئەساسیدا هەر خیل ئەرتیللە توزەشكە هەققی بوغاندەك، غور بەتدە یاشیغوچی ئەعزالا اوتتورسیدا تەئاوون ئشلرینی، یەئنی بر-بر سیگە یاردەم قلشنی راواج تاپتوروشقا اوخشاش ئشلا با هەم اویغور سیكسیەسیگە تۇرمۇشنی سیتب تركچیلك قلیدیغان هەربر مینەتكەشنك، كشی كوچیدن پایدلانمایدغان هەر بر یالغوز كاسبنك وە اویغور خەلقینی سەیاسی، ئیقتیسادی، [illegible] سنپی موباریزە (كۇرەش) ئەساسیدە قوتقوزوشنی ئۇزینگە مەقسەت

...لغان هەر بر اويغور مينەتكەشينىڭ ئەعزا بولوب كرمەكلرى مۆمكۈندور.
...ويغور سيكسيەسى ئەعزالرينىڭ هوقوقلرى بوخارادا يەرلك كەسەبە ئەعزالرينىڭ
...لرى بلەن بەرابەردور.

...شو يوقوريدا يازغانلريمزدن اوچوق رەوشدە مەئلوم بوسا كيرەك، كى بوخارادا
...وچى اويغورلا غايەت توغرى وە زامـان ئەهوالغا مووايق سۈرەتدە اشكـە
...شكەندور.

...اويغور سيكسيەسى ئەعزالرينىڭ ئايدا بر مەرتيبەدن كەم بوماسلق شەرتى بلەن
...ومى مەجلسلرى بولوب توماقدا.

١٩٢٣ ژيل ٢٤ سنتەبردە بوغان پۈتۈن بوخـارا خەلق شورالا جومهوريەتينىڭ
...رولتايغە اويغورلادن كەسەبەلەر سۈپەتى بلەن ئيككى وەكيل سايلينب هازر بولدى.
...ر اويغور ويكيلى بوخارا مەركەز ئيجرائييە كاميتەسيگە ئەعزا بولوب سايلاندى.

لەيكن، شونىڭ بلەن بللە ئەيتب ئوتۈش كيرەك، كى اويغو سيكسيەسينىڭ ئەعزالرى
...كوب ئەمەس. شونىڭ ئوچۈن ئەعزالق بەدەللريدن ئاز ئوپلينب، تەشويقات - تەرغيبات،
...تەشكيلات، نەشرييات ئشلرينى يولغا سيلب ريواج تـاپدوروش نەهايەت ئيغردور.

بوكونگيچە بوخارانىڭ باشقا شەهەرلريدە سيكسيەنىڭ شوئبەلرى تەشكيل قلنغان
ئەمەس. هالبوكى، سيكسيە پۈتۈن بوخـارا جومهورييەتى ميقياسيدا ئشلەش مەخسەدى
بلەن توزولگەن ئيدى.


بولادن باشقا ييگى ژيل تەعتيللرى مونـاسيبەتى بلەن، تاشكەنتدە اوقوغوچى
اويغوراوقوغوچيلريدن بيزەچيسى بوخارا غاسەيامەت ئوچون كەگەن. اويغور سيكسيەسى اولانى
ميهمان قلب، پۈتون ئەعزالا بلەن هەمسوهبەت بوغان وە اويغورلا اوتتورسيديكى
بەزى بر ئاكليشلماسلقلانى پۈتروب، برلەشكەن رەوشدە ئينقيلابى بر يول بلەن
هەرەكەت قلماقغا سۈز بيرشكەن.

هەم بو اوقوغوچيلا ١٠ چە بولوب، بولانىڭ ئيچيدە اوچوق پيكرلك ئشتراكييون
پرقەسى ئەعزالرى وە ياشلا ئيتتيپاقى ئەعزالريدن ئيبارەت بولوب، ئيلم - مەريپەتلرى
ئارقيلق، اويغور سيكسيەسينىڭ راواج تيپشيغا بر مونچە ياخشى پيكرلرينى ئەيتب
سيكسيەنىڭ ئەعزالرينى خورسەن قلدى.

اوقوغوچيلا تەشكەنگە قايتب كيتشيدە اويغور سيكسيەسى ئەعزالرى ٤-١ چرووون
ياردەم بەدى. موندن كيين هەم ياردەم قلش هەرەكەتلرينى كۆمەكدە.

شونىڭ بلەن اويغورلانىڭ ئوز اوتتورلريدا بر نەوعى ئەسكيلك تەرەپدارلرى هەم
يوق ئەمەس. بولا سيكسيەنىڭ قلغان وە قيليديغان ئشلريغا قارشى تەسكيريچيلك
ئيغواسى چيچيرومەكدە. مونداق ئيغوالا بو قارا خەلقنىڭ ئاريسيدا بوغان بر قانار
باى، هەننات وە مەعناسز تەسكريچيلە ئوچۈن خورسەنلكدور. ئاما ئوز وەتەنى

ئالتيشەر - جونغارىيەنى حيتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پەنجەسى تيگيدىن ئينقلابى بر يول بلەن ئازاد قلشنى خاليغان اويغور كەمبەغەللرى ئوچون زەرەرلىكدور.
ھەر ھالدا سيكسيه ئوزينىڭ ئشينى ئەساسلىق ئيلب ميگىش بلەن مونداق ئەكسل- ھەرەكەتچيلەگە يول قويماسلغى ئينىق.
ع. ب.



تاريخى مەجلس

(ئالموتيدا)

شورالا تۈركوستانيديكى اويغور كەمبەغەللرينىڭ تەشكيلاتلرى تۈزۈلوشيگە ٢٤ ژيل ٢ - پيورالدا بەش ژيل تولوشى موناسيبەتى بلەن ١٩٢٤ ژيل ١٥ - پيورالدا (بەزى بر سەبەبلە بلەن مەجلس ١٥ نچى پيۆرالغا قالدورولغان) ئالموتا شەرى اويغور كاممونيستلرى، كامساموللرى، قوشچى ھەم اويغور ئەھاليلرينىڭ ٥٠٠ گە يقين كشيدين ئيبارەت يوبيلەى مەجلسى بولوب تۆوەنكى ئشلا قاريلب ئوتدى:

١- بورادەر لينن كم ئيدى؟ - بو ھەقدە ئسمائيل تاھيرى جيلك، بورادەر لينن نڭ تەرجۈمە ھالى وە بۈتون دونيا كەمبەغەللرى مەنپەئەتيگە ئينقيلابقا ئاريلاشقاندن تا، وەپاتيغيچە قلغان ئشلرى، ھەرەكەتلرى ھەم اونىڭ نەتيجەلرى توغروسيدە اوزون سۆزلەنى قلب ئۆتكەندن كيين تۆوەنكى قارار بولوندى:

١) ئالموتا شەريديكى اويغور كاممونيستلرى، قۆشچيلرى، كامساموللرى وە اويغور ئەھاليلرينىڭ اويغورلا ئاريسيديكى تەشكيلاتقا بەش ژيل تولوشى موناسيبەتى بلەن بولغان مەجلسكە ژيغولغوچيلا، ئيجتمائى ھەرەكەت يوليديكى بەش ژيللق تاريخى مزنىڭ برنچى شەرەپينى، هورمەتينى، دونيا مەزلوم وە مەزلومەلرى ئازادلغى يولباشچىسى بوغان رەھمەتلك بورادەر لينين‌غا بيريمز.

٢) موندن كيينكى بزنىڭ ھەرەكەتيمز، پەقەت بورادەر لينن‌نىڭ كوسەتكەن يولى بلەن بولوب، دونيا كەمبەغەللرى ئازادلغى ھەرەكەتيدە بز اويغور كەمبەغەللرى ھەم بر سەپ وە بر رەتدن كاممونيست پارتيەسى‌نىڭ يولباشچيلغى بلەن زالملاغا قارشى كۆرەشكە ھازرليغمزغا وەعدە بيريمز.

٣) بز بو گۈنكى تاريخى مەجلسكە ژيغلغان اويغور مينەتكەشلرى، بزنى ئازادلققا ايلب چققان وە شو لينن‌نىڭ ئوز قولى بلەن تۈزولگەن كاممونيست پارتيەسيغە ...، دونيا ئينقيلابينى تۈزەش ئوچۈن باشلانغان ئشنى ئاخريغا يەتكوزيمز.
ياشىسون دونيا ئازادلغى!
ياشىسون ئازادچيمز بوغان بورادەر لينن‌نىڭ قويوب كەتكەن بوللرى وە اونىڭ تۈزگەن ...لا پارتيەسى! (ئالقشلا)

بەش ژیللق هیساب هەم كەلگوسی وەزیپەلرمز - بو هەقدە بورادەر روزیباقی‌نڭ
دوشومچا غاپپاروف تەرەپیدن بەش ژیلدا قلنغان ئشلا هەم كەلگوسی‌دە قلینیدیغان
ئشلە توغریسیدا داكلاد ئاڭلانغاندن كیین تۆوەنكی قارار بولوندی:

١) بەش ژیللق ئیجتمائی تورموشدیكی قلنغان خزمەتلەنڭ سەیاسی، ئیجتمائی
ئ ئشلادا مووافپەقییەتلگی.

٢) كرای بیورانڭ توتقان بولی توغری هەم ئشلیگەن ئشلری قەنائەتلەنگیدەك
ب، موندن كیینكی وەزیپەسینڭ برنچی پلانیدا كەمبەغەللەنڭ ئیقتیسادی تركچیلگینی
مش یولیدا بولوشقا.

٣) بەش ژیللق بەیرەم موناسیبەتی بلەن تەشكەن، مەسكاودیكی اوقوغوچیلاغا
ریك قەغەزی ئەوەتشكە.

٤) هەمە اویغور كەمبەغەللرینی اوموی مەجلس نامیدن برلككە، مینەتكە،
دەنی هەرەكەتكە چاقرشقا هەم هەقیقی یوقسول خەلقنڭ چن یولباشچیسی بوغان
شتیراكییون (كاممونیست) پارتیەسی یولیغا كرشكە ئوندەشكە، بوهەقدە كوپرەك
تنیشەرلك كەمبەغەللەگە ئەهمییەت بیرشكە،

٥) بو بەش ژیللق تاریخی بەیرەم موناسیبەتی بلەن هەم بۆرادەر لینن نڭ
ئەیتقان نەسیهەتلرینی كۆز ئالدیمزغا كەلتوروب اویغور كەمبەغل - باتراقلریدن
مەئلوم پرانسنتنی پارتیەگە كرتشكە.

موندن باشقا ئیزەكدیكی بر مونچە مەسئیلەلە قارالغاندن كیین، مەجلس
ژیغولغوچیلاغا كوب ئینقیلابی تەئسیراتلانی بیرس بلەن بەینەلمیلل نالشیسی ئەیتیلب
بیپلدی.

ئبراهیم باقییف.

جاوابكەر موهەرریری: هەیئەت تەهرریریە.
☆☆جوڭقارغوچیسی: ئیبراهیم باقییف☆☆
ناشیری: توركستان اویغور كاممونیستلرینڭ
مەركەز بیوراسی هەم اویغور بلیك هەیئەتی.


ژورنال هەيئەت تەحريرييەسيدن:

بو ژورنالنى چيقرشدا اوچرايتوغان تورالغو وە يتشسزلكلەنى ايلگردن كورسەكما لكن اويغور خەلقى آراسيدا بەلنى باغلاب آلايتەن اشكە كرششكە بەش ژيل تولوشى موناسيبەتى بلەن وە شو تاريخى كونـگە بر از قالدورماق اوچون «برنچى چامدام» ناميدا، شو مەجموئەنى چيقارشقا بانورچيلق قيلدوق.

بو مەجموئە اويغور كامونيستلرينڭ كرايبيوراسى بلەن ،،اويغور بلك هەيئەتى،،نڭ ناميدن آلايتەن بر كونلوك قيليب چيقارلغانلقدن يـاڭغوز بەش ژيل اچيدە قيلغان ئەتـكەن اشلادن حساب بيرش بلەن قەنائەتلەنمەسدن وە بەلـكى پارتيە، قوشچى تركچيلگى هەم آول ـ قشلاق ساويتلرينڭ وەزيپەلرىغا اوخشاش اورونلاديكى ژوت اشلەمچيلرى اوچون اش يوزيدە يولباشچيلق قيلشقا ياردەم بيريديغان مەوزوئلادا هەم شونوڭ بلەن بەرابەر ايقتيساد، تاريخ، پەن بابلريدن خيلى موهيم ماتيرياللا كرتلمەك بولونسيما براق مەتبەعە كەمچيلـگى سەوەبلك بو، تەييارلانغان ماتيرياللانڭ تەڭدن تولوسى كرتلمەسدن قالدورولدى. شونوڭ بلەن بو مەجموئە حەقيدە باشدا توزوگەن پلانيمزنڭ ييريمى‌ما اورنيغا كەلميدى هەم واختيدن بر تالاى كيچكب چقدى.

هەر حالدا، مومكون بوغونيچە نيمە قولدن كەلسە شونى كرتشكە ترشدوق هەم واقتيغە قاراى بونى هەم پايدالق تاپدوق. شونوڭ بلەن بو قيتمقى مەجموئەمزنڭ كەمچيلكلرى بوسيما، براق كەلـگوسيديكى مەتبوئات اوچون خيلى پايدالق ماتيريال بولوشدن خالى ئەمەسدور.

حازركى واقتديكى خەليەمزنڭ مەتبوئاتقا بولغان احتياجى، اوز تليمزدا ئەدەبياتيمزنى كەڭەيتيشيمزنى، كوپەيتشيمزنى تەلەب قيليدو، ئەلبەتتە مونوڭدن كيين بو حاجەتنى اوتەشكە كرشميگيمز لازم. ئەدەبياتيمزنڭ يوقليغيدن، خەلقنڭ تورموشدن خيلى كيينـگە قيليب كيتب بارغانلقى اوب ـ اوچوق. ئەلبەتتە، بو مەسئيلە واقتنڭ آلديمزغا قويغان نەوبەتديكى مەسئيلەلريدن بريدور.





خاتالانی تۆزەش

بەت	قور	خاتاسی	دوروسی
٦	١٥	واتیکزلادان	واتیکزلادن
٧	١٠	یوغینی	بوغینی
٧	٢٦	بونی	بۆزی
١٧	١٩	بایلا	ئایلا
٢٤	١٠	کەتکنوچە	کەتکونچە
٢٨	٥	تاشی	تاش
٢٩	٢٥	قەدرلك	ئەك قەدرلك
٣٧	١٠	کاراچی	کازاچی
٣٨	٩	یاکەنتلك	یارکەنتلك
٣٩	٨	هام	هەم
٣٩	١٦	روحینا	روحینە
٥٠	٢٢	مەشهو	مەشهور
٥٦	٢١	١٨	١٧
٥٦	٣٠	تەییەردی	تەییاردی
٦٠	٢	ئومار	ئومەر
٧١	٨	٦٤٣٣	٤٣٤٦
٧١	٨	٦١٦٨١	١٨٦١٦
٧٣	١٧	تاشتیقارا	بایاندای
٧٣	٢٢	ئیککیبای توقای	تاشتیقارا
٨٥	٨	قلغانلقریدن	قلغانلقلریدن
٩٦	٤	ارپا	آرپا
١٠٣	١٥	مەئەللیملرمز	موئەللیملرمز
١٢٣	٥	کوروچ	گوروچ
١٣٦	١	یرنچی	برنچی